
ئەشمەن يۈسۈپ

# قەشقەر شاكا

مىللەتلەر نەشرىياتى



تەتقىقاتچى مەتىمىن يۇسۇپ

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ 1927-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنى قەشقەر نەزەرباغ يېزىسىنىڭ كۆنچى مەھەللىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1937-يىلدىن 1943-يىلغىچە قەشقەر شەھەرلىك دارىلئېتام، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1943-يىلدىن 1946-يىلغىچە قەشقەر شەھىرى نوبېشى 5-باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىم، ئاقسۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا، ئۈرۈمچى سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئىلى «ئۇيغان» گېزىتىدە مۇھەررىر، ئىلى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ 3-بىخەتەرلىك باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغان.

1950-يىلدىن 1992-يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-

تونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇ-ئاۋىن رەئىسى بولغان. بۇ جەرياندا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە 4 قېتىم ئوقۇغان. 1992-يىلىدىن 1999-يىلغىچە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە-ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە تارىخى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-تونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيە-تىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەس-ئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-لۇق ئون ئىككى مۇقام، كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى جەمئىيە-تىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ «تۇنۇگۈن ۋە بۈگۈن»، «تارىخىي ساۋاق»، «بىلىم ۋە زىيارەت»، «قەشقەر ساگا»، «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن بىر تامچە» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە نەشرگە تەييارلىغان «دىۋانى مەشھۇرى»، «دىۋا-نى قىدىر»، «بەھرام گۆر» داستانى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىي نۇسخىسى، «باياز» (1)، «باياز» (2)، «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» قاتارلىق كىتابلىرى ئايرىم-ئاي-رىم ھالدا مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىل-غان. شۇنداقلا 76 پارچە شېئىرى، 67 پارچە ئىلمىي تەتقىقات

ماقالىسى «بۇلاق» ، «تارىم» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
مۇنبىرى» ، «غەربىي دىيار» ، «مىراس» ، «مىللەتلەر ئەدەبى-
ياتى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت، ژۇرناللاردا ئې-
لان قىلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. يۇقىرىدا ئېيتىل-
غاندەك بىر قاتار تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئامېرىكا، گېر-
مانىيە، روسىيە، لىتۋا، ئۇكرائىنا قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئې-
چىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ،
بۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا «ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» ،
«قۇتادغۇبىلىك ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەر-
كىبىي قىسمىدۇر» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن ئىل-
مىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، چەت ئەل ئالىم، مۇتەخەسسىلىرى-
نىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

مەتىمىن يۈسۈپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئېچى-
نىشلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، «تۆت كى-
شىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسى-
مۇ، ئۆزىگە ئىشىنىشتەك ئۇلۇغ غايىسى بويىچە، مۇھەببەت-نەپ-
رىتىنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ، شۇ چاغلاردىكى رېئاللىقتا بولغان
قاراشلىرىنى ۋە قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، «تۆكۈلمەس
كۆز يېشىم» ، «نامەرد» ، «ئەمدى بىلدىم» قاتارلىق چوڭقۇر
پىكىرگە ئىگە شېئىرلارنى يازغان.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابقا تەتقىقاتچى مەتىمىن يۈسۈپنىڭ
بىر قىسىم شېئىر ۋە سەھنە ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


ھەسرەتلىك پىغان ............................... (2)
قەھرىمانلارغا ......................................... (4)
خائىنلارغا نەپرەت ............................... (6)
قەدىرلىك ئادەم ................................... (8)
ۋەتەن ئوغلى ....................................... (11)
تەپسە يۈرەك ...................................... (13)
بەخت باھارى...................................... (15)
نىشانىمىز ........................................... (20) ... (18)
سەيلە ................................................ (20)
جەڭچىگە سالام ................................... (22)
گۈلۈم سەن ......................................... (25)
ئالغا ................................................ (26)
بۈيۈك غەلىبە ئۈمىدى ........................... (27)
بەخت ................................................. (29)

مۇھەببەت نەزمىلىرى ...................... (31)
پۈشكىننى ئەسلىگەندە ...................... (34)
تىنچلىق ئۈچۈن ...................... (37)
كومپارتىيە ...................... (39)
لاچىن قاناتلار ...................... (41)
غالىپ ۋەتەن...................... (42)
پاناما خەلقىگە ...................... (45)
مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز ...................... (47)
خۇش خەۋەر ...................... (50)
ئىنقىلاب داستانىغا ...................... (52)
كۆرەش يولى...................... (54)
ئاپىرىن ساڭا ...................... (56)
پارتىيەمگە...................... (58)
بىزدە بار ...................... (60)
تۆكۈلمەس كۆز يېشىم...................... (63)
ئەمدى بىلدىم ...................... (65)
نامەرد ...................... (66)
سېغىنغاندا...................... (67)
جانان ساڭا ...................... (69)
كاپالەتكە ...................... (71)
داستان تاپتىم ...................... (72)
قەشقەر ساڭا ...................... (75)
قەشقەر ھەققىدە مۇخەممەس ...................... (80)
تۇغۇلغان كۈنۈم ...................... (82)

رازى قىلىپ كەت ....................................... (84)
دېھقان ماموتنىڭ سۆزى ....................................... (86)
ئۇلۇغ ئاتا....................................................... (96)
مۇقام ئەھلىگە ............................................. (98)
گۈل چىرايىڭ.............................................. (100)
ھالال مېھنەت شەرەپ مەڭگۈ ............................ (101)
نېمە قىلالىتتىم ............................................... (103)
تاڭ قىزى ....................................................... (104)
چىن ۋاپادار بولۇرسەنمۇ ..................................... (105)

جەنۇبتا زىندان (دراما) ..................................... (110)
قاياغدى قانداق؟ (كومېدىيە) .............................. (136)




# 1946-يىلدىن 1949-يىلغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئې- لىپ بارغان كۈرىشى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دې- موكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى.

—ماۋ زېدۇڭ

1949-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا: سىلەرنىڭ تەبرىكلىگەنلىكىڭلارغا رەھمەت. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇ- ھىم تۆھپە. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن شىن- جاڭ خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ، خەلق دېموك- راتىيىسى ئاساسىدىكى يېڭى شىنجاڭنى ئورتاق قۇ- رۇش ئۈچۈن، كۈرەش قىلىشىغا تىلەكداشمەن.

—ماۋ زېدۇڭ

1949-يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى

قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەملەر ھامان بىر شە- كىلسىز يىپ ئارقىلىق خەلق بىلەن چېتىلىپ تۇرغان بولىدۇ.

—ماركس

# ھەسرەتلىك پىغان

يېڭى تاڭ خۇش سەھەرلەردە ئەجەب غەمكىن ناۋا قىلدىم،
ئۈزۈلگەن دىل مۇرادىمنى پىغانىمدا ئادا قىلدىم،
ۋەتەن-ئەل ئەرك-ئىجادىنى ئۆمۈرلۈك دىلرەبا قىلدىم،
ئىجىس مەلئۇن شاياتۇنىنىڭ يۈرەكىنى يارا قىلدىم،
چىرايلىق بۇ دىيارىمغا بۇ جانىمنى پىدا قىلدىم.

قاراڭ دوستلار، جەنۇبتىكى ئاجايىپ ئۇ ئالامەتنى،
ھەقىقەتچى يىگىتلەرگە قىلىپ يۈرگەن مالامەتنى،
ئۇياتماستىن قىلىپ تۆھمەت ۋەھشىيلىك كاساپەتنى،
نەكۆزلەردە كۆرۈپ بولاي ئاھۇزارلىق نادامەتنى،
ئەزىز خەلقىم ھاياتىغا تىلەپ ھۆرلۈك سادا قىلدىم.

مېنىڭ مەقسەت تىلەكىم ھەم ئەزىز جانانغا يەتمەمدۇ،
كېزىپ دەشتى-باياۋاننى ۋە ياكى تاغدىن ئۆتمەمدۇ،

قىراۋ پەسلى، زىمىستان قىش تۇمانى ئەمدى پۈتمەمدۇ،
يېنىپ چاقماق بۇلۇتلارنىڭ كۆلىنى كۆككە چاچمامدۇ،
شۇڭا مەقسەت تىلەك بىرلە بۇگۈن بۇندا نىدا قىلدىم.

1947-يىل ئاپرېل، غۇلجا.

خەلق كۆزىدىن ياش ئورنىغا قانلار ئاققان،
قايغۇ-ھەسرەت، نادامەتتىن غەمگە پاتقان،
قارا زىندان-تۈرمىلەردە يىللاپ ياتقان،
دەل شۇ چاغدا جەڭ قىلدىڭلار چىن ئوغلانلار.

زۇلۇم-كۈلپەت كۈندىن-كۈنگە تولا بولغان،
غالجىر ئىتلار خەلقىمىزگە بالا بولغان،
بۇ زۇلۇمغا سانسىز قەبرە گۇۋاھ بولغان،
بارىكاللا نىجادلىققا يول ئاچقانلار!

خەلققە بەخت قۇچاق ئاچتى ھەممە جايدا،
نەس چېرىكلەر بولدى تارمار كەڭرى سايدا،
بايرىقىمىز لەپىلدىدى ئۇلۇغ ئايدا،
خىزمىتىڭلار ئۇنتۇلمايدۇ، قەھرىمانلار.

1947-يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا.



# قەھرىمانلارغا

زالىملارغا زەربە بەرگەن قەھرىمانلار،
جاسارەتلىك ئىنقىلابچى قەدىردانلار،
كۆرەشلەردە غالىب، جەسۇر، مەرد پالۋانلار،
ھۆرلۈك كۈنى يېتىپ كەلدى، مېھرىبانلار.

ئۆتمۈشتىكى قارا داغنى ئاقلىدىڭلار،
ئازاد ياشاش نىشانىنى ياقلىدىڭلار،
خەلقىمىزنى قانخورلاردىن ساقلىدىڭلار،
ئۈستۈڭلەرگە نۇسرەت ياغسۇن ئارسلانلار!

مۇدھىش تۈندە ئەزىز خەلقىم ئېزىلگەندە،
زۇلۇم بىرلە جاھان دوزاخ سېزىلگەندە،
ۋەھشىي جاللات قان ئىچىشكە بېرىلگەندە،
ئەلگە ھۆرلۈك بەخش ئەتكەن پاسىبانلار.

نەيزە-تاياق يەپ كىم خارلىنىپتۇ؟
ئالۋان-ياساقتىن كىم زارلىنىپتۇ؟
يەر، ئۆي، زېمىندىن كىم ئايرىلىپتۇ؟
كۆزۈڭ كورمۇ-يا، دىتسىز سالمىلار!

ھەربىر ئورۇندا كىملەر چېپىلدى؟
ھېچبىر گۇناھسىز كىملەر ئېتىلدى؟
زىنداندىن قانچە سۆڭەك تېپىلدى؟
كۆيمەمدۇ دىلىڭ ئاقسا ساپ قانلار!

قەبىھ قانخورنىڭ سەن بىر ئاساسى،
خىسلەت تۇمارى، سېھرىي لىباسى،
كەتمەس ياقاڭدىن خەلقىم قىساسى،
ۋىجداننى پۇلغا ساتقان مەلئۇنلار!

قىلمىشلىرىڭنى خەلقىم ئۇنتۇماس،
"ئايدىڭ"[1]كۆزىدىن ياشنى قۇرۇتماس،
ئاخىر بىر كۈنى تۇتىدۇ قىساس،
يەيسەن جاجاڭنى خائىن پاپىلار!

1947-يىل نويابىر، غۇلجا.

---

[1] ئايدىڭ—مۇئەللىپنىڭ ئەينى زاماندىكى ئەدەبىي تەخەللۇسى.

# خائىنلارغا نەپرەت

خەلقىم ئەسىرلەپ بولۇپ كەلدى خار،
زۇلۇم دەستىدىن يىغلىدى زار-زار،
ھۆرلۈككە شۇنچە تەشنا-ئىنتىزار،
ياخشى ئويلاپ باق، ساتقۇن غالچىلار!

ھازىر جەنۇبتا كىم خانىۋەيران؟
كىمگە ئاش-نان يوق، كىمگە تون-چاپان؟
كىمنىڭ ئەزىزى نالەردە سەرسان؟
كۆزۈڭنى چوڭ ئاچ، رەزىل لالمىلار!

خەلقىم جەنۇبتا كۆپ سەبرى كۈندە،
قالدى ئاجايىپ بىر جەبرى كۈندە،
ئەيلەيدۇ پەرياد ھەسرەتلىك ئۈندە،
گاسمۇ قۇلىقىڭ، نىجىس سالچىلار!

يەنە ئېيتاي، بالام ئاڭلا، كۆرۈپ ئۆتتۈمغۇ سەكسەن يىل،
ئازاب-كۆلپەتتە يانجىلدىم، بۇنى ئۇنتۇما، ئوبدان بىل.

يىگىت دەپ سېنى ئۆستۈردۈم، ۋەتەنگە كۆيمىسەڭ بولماس،
زۇلۇمغا قارشى تۇرماستىن تىلەكىڭ تەسۋىر تولماس.

بۇ يولغا قانچە نۆۋەت مەن يېگىمنى راست تۈرۈپ چىققان،
بىلىپ قالغاندا زالىملار ئازابلاپ، كۆپ ئۇرۇپ سىققان.

ئۇ چاغ باشقا ئىدى دەۋران، كۆزىنى ئاچمىغان خەلقىم،
زامانلار ئۆتمۈشى شۇنچە بوراندىن قاچمىغان خەلقىم.

كۈرەشكە ئاتلىنىپ چىقتى زۇلۇم زىندانىغا قەھرى،
تولۇق ھۆرلۈككە يۈزلەندى شەرەپلىك ئۈچ رايون ئەھلى[①].

تېخى بىزدە زۇلۇم-كۆلپەت كۈنىگە مىڭ كۆپەيمەكتە،
بېشىمىزغا بالا بولغان رودىپايلار ھۆرپەيمەكتە.

كۆرۈنمەس ۋەھشىيلىك بىرلە ئۇرۇپ ھەر ئان ساۋاۋاتسا،
گۇناھسىز مىڭلىغان خەلقنى شتابىغا قاماۋاتسا.

---

① ئۈچ ۋىلايەت خەلقى.

## قەدىرلىك ئادەم

يېشى سەكسەنگە كەلگەن بىر قەدىرلىك ئاقساقال ئادەم،
كۆڭلىنى ئۆتكۈزەر ئەردى يىغا، ئەمگەك بىلەن ھەردەم.

ئۆيى كەلپىن دېگەن يۇرتىنىڭ كىچىك بىر كەنتىدە بولغان،
بۇ ئادەمنىڭ يۈرەك-باغرى ئەلەم-ھەسرەت بىلەن تولغان.

قەيەردە تۆت كىشى بولسا، تولۇق ھۆرلۈكنى سۆزلەيتتى،
ئازاب-دەردتىن قۇتۇلماقنى كېچە-كۈندۈزلا كۆزلەيتتى.

دېدى ئۇ، ئوغلى باقەمگە:
—بالام شۇك ياتما، قۇل بولما،
بۇ زالىمنىڭ "سىلىق-يۇمشاق" سۆزىگە كىرمە، گول بولما.

"چىرايلىق" سۆزلىرى بىرلە سېنى خارلىققا باشلايدۇ،
تۆمۈر زەنجىرگە بەنت ئەيلەپ قارا زىندانغا تاشلايدۇ.

## ۋەتەن ئوغلى

خەلقىمىزگە كەڭ ئېچىلدى نىجات يولى،
سېلىندى بەخت-سائادەتنىڭ مەھكەم ئۇلى.
تارمار قىلدى زالىملارنى بىرلىك قولى،
ئانا يۇرتقا جېنىنى پىدا ۋەتەن ئوغلى.

كۆيدى قەھرىنىڭ يالقۇنىدا شۇم زىمىستان،
بەختى ئوچۇق خەلقىم كۈلدى ئۇرۇپ خەندان.
چېچىلغاچقا ھۆرلۈك-تەڭلىك نۇرى ھەريان،
جاندىن ئەزىز ۋەتەن بولدى گۈل-گۈلىستان.

گۈلگە تولدى بۇلبۇل سايراپ تۇرغان باغلار،
قەد كۆتۈردى باغرى مەدەن، گۈزەل تاغلار.
كەتتى ئەمدى ئەل قاقشىغان مۇدھىش چاغلار،
ساقايماقتا يۈرەكتىكى يارا - داغلار.

بۈگۈن كۆردۈمغۇ ئۇ يەردە ئېسىپ دارغا، چاناۋاتقان،
بۇنىڭغا كىم چىداپ تۇرسۇن، يەنە ئىزدەپ ساناۋاتقان.

يېقىن يىلنىڭ بۇياقىدا تەئەللۇقاتتىن ئايرىلدۇق،
يەنە لەڭ-سەيسىگە ئىشلەپ زۇلۇم-كۈلپەتتە خار بولدۇق.

قىلىنغان دادۇ-پەريادىن ئەزىز جانانلار تولغاندى،
بېلىڭنى باغلا جان ئوغلۇم، پۈتۈن خەلق ئەمدى ئويغاندى.

ساڭا قەتئىي نەسىھەت شۇ، قولۇڭغا ئال چوماق، ئوغلۇم،
ئۈزۈلسۇن زەربىسىدىن قاتمۇقات قىلتاق-توزاق، ئوغلۇم.

دېدى، سۆزنى تامام قىلدى، بۇ ئادەم ۋەسلىگە يەتتى،
نەسىھەت ئاڭلىدى باقەم، كۈرەش مەيدانىغا كەتتى.

1947-يىل نويابىر، غۇلجا.

# تەپسە يۇرەك

خالىدى كۆڭلۇم مىنىڭ بى ئىختىيار گۇلزارىنى،
ھەر نەپەس تەپسە يۇرەك ئەسلەيدۇ ئۆز دىلدارىنى،
ئاھ ئۇرۇپ چىققان نەپەس دولقۇنلىتار دىل تارىنى،
سەن ئۇچۇن بەخشەندە ئەتتىم بۇ ئۆمۇرنىڭ بارىنى،
كۆيدۇرەيمەن مۇستەبىتنىڭ تۇرمە-زىندان، دارىنى.

مىھنىتىڭدىن ياشنىغان بۇ گۇلچىمەنگە سال نەزەر،
ئاسرىغىن جۇتتىن، بوراندىن، چۆل بولۇشتىن قىل ھەزەر،
خۇش گۇزەل ھۆسنىڭ سىنىڭ قىشتىن ئۆتۇپ يازنى سىزەر،
گۇل پۇراپ ئۆتسە ئۆمۇر ئەمگەكچى يار سەندىن بىزەر،
ئەمگىكىڭدىن باغ يارات، كۆرمەي راۋا تەييارىنى.

گۇللىنۇر غەيرەت بىلەن جۇتلاردا سولغان باغلىرىڭ،
ئۇخلىماي ئەسلەتكۇزەر ئۆتمۇشتە قالغان داغلىرىڭ،
بىل ھايات ئالىي تىلەككە كەلدى پۇرسەت-چاغلىرىڭ،

ھەممەت بىلەن جەنۇبتىكى گۈلزارىمغا،
گۈللەر تىزساق يىغلاپ قالغان دىلدارىمغا.
خەنجەر ئۇرساق ۋەھشىي مەلئۇن نەس زالىمغا،
بەختى ئۇچۇن دەرمان بولغاي شۇل يارىمغا.

جەنۇبتىكى جەبرىلەرنىڭ يوقتۇر سانى،
خەلقىمىزنىڭ ياش ئورنىغا ئاقتى قانى.
قۇربان بولسۇن بۇ "ئايدىڭ"نىڭ خەستە جانى،
خەلقى ئازاد بولسا قالماس ھېچ ئارمانى.

1947-يىل نويابىر، غۇلجا.



# بەخت باھارى

ئۆتمۈش كۈنۈمنى مەن سۆزلىمەكچى،
قايتىش ماكاننى ھەم كۆزلىمەكچى.

قىلدىم زىيارەت ئۇلۇغ ۋەتەننى،
ئەسكەر كەبى مەن تاۋلاپ بەدەننى.

ھەربىر كۈنۈمدە ياخشى-يامانلىق،
كەلتۈردى بىرلىك ئەلگە ئامانلىق.

ئايلار ئىچىدە ئۆزگەردى پەسلى،
مىڭلاپ كۆپەيدى باتۇرلار نەسلى.

كۆكلەم مەۋسۇمى قىشلاق-شەھەردە،
سايراشتى بۇلبۇل سۇبھى سەھەردە.

قىپقىزىل نۇر قوينىغا چۆمگەندە تەگرىتاغلىرىڭ،
ياڭرىتارسەن گۈل بېغىڭدا غەلىبە-نۇسرەت سازىنى.

1948-يىل، غۇلجا.



كۈلدى-ئېچىلدى مەزلۇملار بەختى،
يەر بىلەن يەكسان زۇلۇمنىڭ تەختى.

ياڭرايدۇ ھەر يان تاڭنىڭ ناۋاسى،
ياشلىق يۈرەكنىڭ خۇش بۇي داۋاسى.

بىلىم-ھۈنەرگە ئېچىلدى كەڭ يول،
ياش غۇنچىلاردىن قۇرۇلدى چىن ئۇل.

رەڭ تۈزدى باغدا رەيھان ۋە لەيلى،
خەلقىم بەھوزۇر قىلماقتا سەيلى.

شادلىق ئىچىدە جۇشقۇن ئوغۇل-قىز،
ئالىي تىلەككە چوقۇم يېتىمىز.

1948-يىل، غۇلجا.

چۆمگەن قۇياشنىڭ نۇرىغا باغلار،
بايلىققا تولغان چۆللەر ۋە تاغلار.

ئوتلايدۇ قاراڭ تاغدا پادىلار،
سەھرا-شەھەردە قاينايدۇ تويلار.

بەردى نويابىر① بىزگە سائادەت،
ئەلنىڭ قەلبىدە كۈرەشچان ھالەت.

كۈرەش ئىچىدىن بەخت تۇغۇلدى،
زالىم نىجىسىنىڭ گېلى بوغۇلدى.

قۇرۇلدى بىزدە بىرلىك-ئىتتىپاق،
ئالىي تىلەكنىڭ نىشانى پارلاق.

ئۇتۇقلار بۈيۈك، كۈچ-قۇدرەتمۇ زور،
يىراقنى كۆزلەپ چامدىدۇق غەيۇر.

يۈز ئاچتى بىزگە بەخت باھارى،
كۆكلەم پەسلىنىڭ سۈبھى-ناھارى.


---

① ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى—1944-يىلى نويابىردا كۆتۈرۈلگەن.

ئۈستىدە دەھشەت بۇلۇتلار، قايغۇرۇپ يىغلايدۇ زار،
تولدى دىل ھەسرەتكە ئول بىچارىلەرنى ياد ئېتىپ.

بۇ يېڭى تاڭ خەلقىمىزنىڭ باشىغا نۇسرەت چاچار،
ھەر كۈرەش مەيدانىغا قۇدرەت بولۇپ يوللار ئاچار،
جەڭچى باتۇر باشلىرىغا پەرىلەر گۈللەر چاچار،
خەلقىمىز دۈشمەنلىرى تاغۇ-باياۋانغا قاچار،
ھۆر ياشايمىز ئۈلكىمىزنى تەلتۆكۈس ئازاد ئېتىپ.

1948-يىل، غۇلجا.



# نىشانىمىز

دەستە-دەستە گۈل تىزىپ بىزنىڭ ۋەتەننى شاد ئېتىپ،
چوڭ قەدەملەپ يول ئېچىپ، بىچارىلەرنى ياد ئېتىپ،
جەڭ-چېلىش مەيداننى جانان بىلەن ئاۋات ئېتىپ،
ۋەھشي جاللات مۇستەبىتنى جەڭ بىلەن بەربات ئېتىپ،
كەلسە ئوغلان، قالدى دۈشمەن قان قۇسۇپ ۋاي-داد ئېتىپ.

گۈللىنىپ ياشنار بۈيۈك بىرلىك بىلەن نىشانىمىز،
خەلقىمىزنىڭ قۇدرىتىدىن زوقلىنار خۇشتارىمىز،
زۇلمى كۈلپەت تاغىدا ياتقانلار، جان دىلدارىمىز،
بەلنى باغلاپ يەڭنى تۈردۈق، بولغۇسى گۈلزارىمىز،
باغرى قان ياتقانلىنى زىنداندىن ئازاد ئېتىپ.

نە بولۇر گۈل باغدا ھەممە ئۆيىنىساق شاد-بەختىيار،
سال نەزەر نەدە زىمىستان، قايسى يەرلەردە باھار؟
جان-جىگەر تۇغقانلىرىمىز كىم قولىدا بولدى خار،

جەڭ-چېلىشنىڭ گۈلخانىدىن نۇر ئالدى تاڭلار،
ئەمدى ھۆرلۈك ناخشىمىزنى كەڭ ئالدىم تاڭلار.

نۇرلۇق تاڭدا گۈل باغلاردا قىلغاندا سەيلى،
جەنۇبتىكى قېرىنداشلارنىڭ غېمىنى يەيلى!

1948-يىل ماي، غۇلجا.



# سەيلە

كەلدى باھار خۇشلۇق چىغى، قىلىك ساياھەت،
بۇلبۇل خەندان ئۇرغان باغلار جانلارغا راھەت.

ئەي دوستلىرىم، ئىچىلىپتۇ رەيھانۇ لەيلى،
ئەركىن-ئازاد ئوينايلى بىز كۆڭۈللۈك سەيلى.

چىمەنزارلىق يايلاقلاردا ئوتلايدۇ قويلار،
بۇگۈن ئىشچى-مېھنەتكەشلەر ئوينايدۇ تويلار.

تاك پەيزىدە زوق-شوخ بىلەن سايرايدۇ بۇلبۇل،
ئوتلۇق يۈرەك چەۋەندازلار ئاستىدا دۇلدۇل.

بېشىمىزدىن ئۆتتى ئەجەب دەھشەتلىك چاغلار،
مانا بۈگۈن ئالدىمىزدا جەننەتتەك باغلار.

ئۆتمۈشتىكى زۇلمەت كۈننى سۆزلىگەندە،
ئەركىن-ئازاد، ھۆر ھاياتنى كۆزلىگەندە؛

سېنى جاندىن قەدىرلەيمىز جەڭچى ئوغلان،
چىن يۈرەكتىن مەدھىيىلەيمىز، جەڭچى ئوغلان!

ئەزىز خەلقىم كۆزلىرىدىن ئاققانتى ياش،
زالىملارنىڭ زۇلمى بىلەن قاتقانتى باش.

تۆھمەت بىلەن زىندانلارغا سېلىپ بىزنى،
زار يىغلاتقان ئاتا-ئانا، ئوغۇل-قىزنى.

پۇت-قوللارغا زەنجىر-كىشەن سېلىنغاندا،
خەنجەرلەردە پاك بەدەنلەر تىلىنغاندا؛

ۋەھشي جاللات قان ئىچىشكە ئېرىشكەندە،
نەسلىمىزنى قۇرۇتماققا كىرىشكەندە؛

ئازادلىققا تەشنا بولغان بارچە سەپداش،
كۈرەش قىلدۇق بىر ياقىدىن چىقىرىپ باش.

غەيرەت بىلەن باتۇر جەڭچى ھەممە جايدا،
دۈشمەنلەرنى تارمار قىلدىڭ تاغۇ-سايدا.

# جەڭچىگە سالام

سالام ساڭا باتۇر-جەڭچى قەھرىمانلار،
جاسارەتلىك ئىنقىلابچى مەرد-پالۋانلار.

سەن ۋەتەننىڭ چىن پەرزەنتى-ئارسلانى،
قۇدرىتىڭدىن بولسۇن لەھەت ياۋ ماكانى.

نۇرغا تولغان مەيدانلاردا كۆپ ھىكايە،
شانلىق كۇرەش ھۆر ھاياتقا زور ھىمايە.

غەزەپ-قەھرى ئوقيالىرىڭ ياۋغا بولسۇن،
ئوتلۇق يۇرەك-كۆكرەكلىرىڭ شانغا تولسۇن.

خەلقىم ئۇچۇن دەستە-دەستە گۇل تىزىمىز،
يورۇق-پارلاق كەلگۇسىگە يول سىزىمىز.

# گۈلۈم سەن

نۇر بىلەن تولغان جامالىڭ مەن ئۈچۈن گۈلزارىدۇر،
باشقىلار قەدرىڭنى بىلمەس، دەردمەنىڭ ئاۋارىدۇر.

ۋەھىمە بىرلە سەھەردە سىلكىنىپ تەپتى يۈرەك،
شۇ يۈرەك، بىلسەڭ گۈلۈم، ئىشقىڭدا يۈز مىڭ پارىدۇر.

گۈل بىغىم ئىچرە سېنى كۆرمەككە غەمسىز، بەختىيار،
ئۇشبۇ "ئايدىڭ" كېچە-كۈندۈز زارىدۇر، خۇمارىدۇر.

جىلۋە بىرلەن قول سىلىپ ماڭغان يولۇڭدا شۇم رەقىپ
قۇردى سىرلىق نەچچە قاپقان، ئاشىقىڭ ھوشيارىدۇر.

ئەي نىگارىم ئاچ كۆزۈڭنى، ياتمىغىل غەپلەتتە سەن،
قولغا ئالساڭ زۇلپىقار، ئالدىڭدا ياۋ بىچارىدۇر.

1948-يىل، غۇلجا.

ئاتقان ئوقۇڭ تەگدى زالىم جاللاتلارغا،
تەگدى ئەلنى زار قاقشاتقان مەلئۇنلارغا.

شوخ چىلىندى غەيرىتىڭدىن كۈرەش سازى،
مىليون رەھمەت ساڭا ياغسۇن قىشۇ يازى.

ۋەتەن ئۆلى ھەم گۈلى سەن قەدىردانلار،
ياشا-ياشا، باتۇر جەڭچى مەرد-پالۋانلار.

1948-يىل 8-ئاي، غۇلجا.



# بۈيۈك غەلىبە ئۈمىدى

قاراڭ:
مانا بۇ يېڭى ھاياتقا ھەممە تىلەكداش،
ئىلغار،
بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن،
ئاتا-ئانىلار،
كۆرەشچان قىز-ئوغۇللار،
چىقارغاچقا بىر ياقىدىن باش،
ئاققۇزۇپ پاك بەدەندىكى قانلارنى،
ھارمىدۇق، تالمىدۇق، قايتمىدۇق،
مانا قولغا ئالدۇق ئەركىنلىك، تەڭلىكنى،
قۇربان بېرىپ نۇرغۇن جانلارنى.
تېخى قالدى ئۇ، جەنۇب خەلقى،
جاللات، مەلئۇنلارنىڭ قولىدا،
ئەڭ مۇدھىش ئازاب ئىچىدە،
تەلمۈرىدۇ شىمالغا،

# ئالغا

يىراقتا كۆز تىكىپ ماڭدۇق قەدەمنى چوڭ ئېلىپ ئالغا،
يېرىپ تاغ، چۆل-باياۋاننى يېتەرمىز بىز، يۈرۈڭ ئالغا.

ئۇچۇپ ئاسماندا لاچىندەك سۈرۈپ دەھشەت بۇلۇتلارنى،
خۇشاللىقتا قانات قاققان بۇ بىرلىكتە يۈرۈڭ ئالغا!

بوۋام ئېيتقان: جامائەتنىڭ بۈيۈك بىرلىك قىيانىدىن
بولار چۆللەر گۈلىستانلىق-چىمەنزارلىق، يۈرۈڭ ئالغا!

يىگىرمىنچى ئەسىر بولغاچ تۇرۇلدى يەڭ، چۇشۇرمەيمىز،
ئۇرۇپ ۋەھشي چايانلارنى يوقاتقايمىز، يۈرۈڭ ئالغا!

ئوقۇپ، ئۆتكەل ئېشىپ ھەر دەم ئېگىز ئاسمان ئارا ئويناپ،
پۈتۈن ھۆرلۈك ياراتقايمىز كۈرەشچانلار، يۈرۈڭ ئالغا!

1948-يىل 6-سىنتەبىر، غۇلجا.

# بەخت

هۆرلۈك دېدۇق، نەرە تارتىپ جەڭگە كىردۇق،
ئۇلۇغ تاڭنىڭ يالقۇنىدا تاۋلاپ تەننى.
يېڭى هايات ياراتماققا ئالغا يۈردۇق،
سۆيىمىز بىز چىن يۈرەكتىن بۇ ۋەتەننى.

بۈركۈت كەبى نەزەر سالدۇق بىز يىراققا،
ئىشقا ئاشار شېرىن ئارزۇ-تىلەك چوقۇم.
ئەۋلاد ئۈچۈن گۈل تېرىدۇق مانا باغقا،
زايا كەتمەس ياۋغا ئاتقان ھەربىر ئوقۇم.

ئۇلۇغ مەقسەت ھۆر ھاياتنى كۆزلىگەچكە،
خۇشاللىققا چۆمدى شۇ تاپ ھەممە تەرەپ.
ئۆتمۈشتىكى زۇلمەت كۈننى ئەسلىگەندە،
ھېچ توختىماس يۈرەكتىكى قەھرۇ غەزەپ.

نۇرلۇق تاڭلارغا،
ئەنسىز كېچىدە.
غالجىرلاشقان جاللاتلار،
زۇلۇم-كۇلپەت،
تۆھمەت، ھاقارەت
تاشلىرىنى ئاتماقتا.
بىگۇناھ قېرىنداشلار،
زىندانلاردا ياتماقتا،
قان ئىچىگە پاتماقتا! . . .
لېكىن ئۇزاققا بارمايدۇ،
تۇمانلار،
دەھشەت بۇلۇتلار پارچىلىنىدۇ،
ئاسمان سۈزۈلىدۇ،
زەنجىر-كىشەنلەر ئۈزۈلىدۇ.
زالىملارنىڭ تەختى-بەختى
بوراندا قالغان
قۇزغۇن چاڭگىسىدەك بۇزۇلىدۇ.
غەلىبە تۇغى كۆكسىگە
"نىجاتلىق" سۆزى
ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلىدۇ.

1948-يىل، غۇلجا.

## مۇھەببەت نەزمىلىرى

قوبۇل قىلىڭ سالىمىمنى، گۈزەل رەنا،
قەدىردانىم، كۆز خۇمارىم نەپىس بەرنا.

خەت يازماققا ئالدىم قەغەز ھەم قەلەمنى،
كۆرمىدىم مەن سىزگە ئوخشاش بىر سەنەمنى.

ئېچىلىسىڭىز تاڭ سەھەردە ئەي قىزىل گۈل،
ئىشقىڭىزدا سايراپ كېتەي بولۇپ بۇلبۇل.

ئاھۇ كەبى يېقىملىقتۇر كۆزلىرىڭىز،
زەپمۇ گۈزەل، نۇرانىدۇر ئاي يۈزىڭىز.

شاد كۆڭلۈمنىڭ باغچىسىدا جىلۋىڭىز بار،
جاۋاب ئۈچۈن خەت يازماققا ئىلمىڭىز بار.

ئارا، كەتمەن، شەمشەر-قىلىچ، مىلتىق بىلەن،
ئاغدۇرۇلدى ئۇزاق يىللىق زۇلۇم تەختى.
ئالتۇن تارىخ ۋارىقىدا ئۆچمەي ئەبەد،
قۇياش كەبى پارلار ئەلنىڭ ھوقۇق-بەختى.

1949-يىل 3-ئاي، غۇلجا.



# 1950-يىلدىن 1982-يىلغىچە يېزىلغان شېئىرلار

توغرا ۋە ئېنىق بولۇش ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئىدىيە، ئىدىيە توغرا بولمىسا، ھەرقانچە ياخشى جۈملىلەر-مۇ بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ.

—پۇشكىن

جاسارەت ۋە ئىزدىنىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ چوڭ ئامىلى. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چۈشىنىش لازىم. نەتىجە قازانماي تۇرۇپ توختىماسلىق كېرەك. دۇنيادا ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىش يوق.

—گو مورو

تۇرمۇش—جەڭ، ئۇنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.
تۇرمۇش—سىر، ئۇنى ئېچىش كېرەك.
تۇرمۇش—رىقابەت، ئۇنىڭدا ئۇتۇپ چىقىش كېرەك.
تۇرمۇش—مۇساپە، ئۇنى مېڭىپ تۈگىتىش كېرەك.
تۇرمۇش—كۈرەش، ئۇنىڭدا غالىب كېلىش كېرەك.

—دانالار ھېكمەتلىرىدىن.

چوڭقۇر مەقسەت، مۇرادىمنى بايان ئەيلەي،
ئالدىڭىزدا كۆڭلۈمنى مەن ئايان ئەيلەي.

قىيامەتلىك قول تۇتۇشساق جانى دىلدار،
بەختىمىزدىن بولغۇسىدۇر ھەريان گۈلزار.

1949-يىل 3-ئاي، غۇلجا.



كونا دۇنياغا نەپرەت تاشلىغان،
ئەل غېمى ئۈچۈن كۆزىن ياشلىغان،
ئەركىن ھاياتقا ئەلنى باشلىغان،
شېئىر كانىنى قازغان، ھارمىغان.
پۈشكىن ئىجادى گۈلزارلىرىغا،
ئىشچى ۋە دېھقان مەردانىلىرىغا.

سۆيگۈ بابىنىڭ ئىچكەن جامىنى،
ئىشرەتكە ئەمەس مىليون سانىنى،
مېھنەتكەشلەرنىڭ كەزگەن كانىنى،
ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاتاپ جانىنى.
پۈشكىن ئىجادى گۈلزارلىرىغا،
ئىشچى ۋە دېھقان مەردانىلىرىغا.

دىلىنىڭ ناۋاسى تەگكەن يۈرەككە،
قەلەم بىلەن ياۋغا بەردىلەر دەككە.
سۆيۈندى ئۆتكۈر، كۈچلۈك بىلەككە،
تەلپۈندى ھەردەم ئالىي تىلەككە.
پۈشكىن ئىجادى گۈلزارلىرىغا،
ئىشچى ۋە دېھقان مەردانىلىرىغا.

قەست قىلىپ نامەرد ئۇ دانىش جاللات،
بۇ بۈيۈك پەرزەنت قىلىندى بەربات،

## پۇشكىننى ئەسلىگەندە

ئالتۇن قەلەمدىن خۇشتارلىرىگە،
سەنئەتنى سۆيگەن خۇمارلىرىگە.
ئۇلۇغ ۋەتەندىن دۇردانىلىرىگە،
پارلاق ھاياتتىن جانانىلىرىگە.
پۇشكىن ئىجادى گۈلزارلىرىگە،
ئىشچى ۋە دىھقان مەردانىلىرىگە.

سەنئەت باغىغا قوشتى گۈل ياپراق،
شۇڭا پۈتۈن ئەل ئەزەلدىن ئامراق،
كۆرسەتتى بىزگە گۆھەرنى تىزماق،
ئىجادى ھايات نىشانى پارلاق.
پۇشكىن ئىجادى گۈلزارلىرىگە،
ئىشچى ۋە دىھقان مەردانىلىرىگە.

# تىنچلىق ئۈچۈن

تىنچلىق ئۈچۈن كۆتۈرۈلدى غەلىبە بىلەن قوياش،
دۇنيا يوقسۇللىرىنىڭ بەختلىك ھاياتىغا قاراپ.
بۇ ئادالەت چوقۇم، تۆكۈلمەيدۇ ھەقسىز بىر تامچە ياش،
ئىچىمىز بىز لېنىنچە كۈرەشنىڭ جامىدىن شاراپ.

بۇ مۇقەددەس يول، تاجاۋۇزچىلارنى ئۈرۈپ ھەرزامان،
ئۇياتسىز ۋەھشىي جاللاتلارنى كەلتۈردى تارمار.
يۆلىسىمۇ قورچاق ”لىسنمان“نىڭ تېرىكى ئامېرىكا ھامان،
سۇندۇرۇلۇپ ئۇنىڭ بېلى ئۇدۇل لەھەت-گۆرگە بارار.

كۆتۈرۈلۈپ چاۋشيەن خەلقى غەلىبە ئۈستىدىن،
تاجاۋۇزچىلارنى قوغلىدى ۋەتەندىن يىراققا.
دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن ئىشچى-دېھقان دوستىدىن
مىليون-مىليون ئاۋازلار قوشۇلماقتا بۈيۈك ئوداققا.

ھەممە قەلبلەر ئەيلىدى پەريات،
بۇنى دائىما قىلىمىز بىز يات.
پۈشكىن ئىجادى گۈلزارىلەرگە،
ئىشچى ۋە دېھقان مەردانىلەرگە.

تارىخ بېتىگە تۆھپىلەر قوشتى،
يەنە پۈتۈن خەلق تاقەتسىز كۈتتى،
ئەمما شۇم ئەجەل گۆر كەبى يۇتتى،
ئۇ. . دەھشەتلىك كۈننى ئەسلىتىپ ئۆتتى.
پۈشكىن ئىجادى گۈلزارىلەرگە،
ئىشچى ۋە دېھقان مەردانىلەرگە.

1950-يىل، ئۈرۈمچى.

## كومپارتىيە

كەلگەچكە بەختلىك، ھۆرلۈك زامانى،
سەن ئۈچۈن يوقسۇلنىڭ سۆيۈندى جانى،
بىغۇبار ھاياتنىڭ ئېچىلدى كانى،
سەن مېھنەتكەش ئەلنىڭ پاسبانى.

يېگىرمە توققۇز يىل ئۆتكەن يولۇڭنى،
بۇنىڭدىن يېتىشكەن غۇنچە گۈلۈڭنى،
ئوينىدى بۇگۈن خەلق شادلىق تويۇڭنى،
سەن مېھنەتكەش ئەلنىڭ پاسبانى.

قايغۇلار، ئەلەملەر، دەھشەتلىك تۇمان،
يوقالدى يولۇڭدىن، يوق بۇندا گۇمان،
بەختىنىڭ قۇياشى مانا بۇ زامان،
سەن مېھنەتكەش ئەلنىڭ پاسبانى.

ئۇرۇش مەيدانلىرىدا نۇرغۇن قۇربانلار بېرىلدى،
ۋېيتنام پارتىزانلىرى ئالغا! جاھانگىرلار غەمكىن. . .
قەھرىمان جەڭچىلەر شەنگە لەۋھەلەر يېزىلدى،
بۈيۈك ئەل شادلانسۇن بېرىپ يۈكسۈلۈشكە تەمكىن.

ترۇممىن تاجاۋۇزى ئىنسانىيەت ئۈچۈن گويا. . .
قوياش نۇرىغا داڭگال ئاتماقچى بولغان قارا داغ.
ئەگەردە ئۇ. . . ناھەق قانلاردىن ئاققۇزماقچى بولسا دەريا،
نيۇ-يوركتىن كۆتۈرۈلىدۇ پرولېتار بايرىقى شۇ چاغ. . .

1950-يىل 6-ئاي، ئۈرۈمچى.



# لاچىن قاناتلار

ئەنە مەيداندا ئەلنىڭ شۆھرىتى—
تەنھەرىكەتچىلەر چوڭ سەپ تۈزۈشتى.
ئىشچىنىڭ ئوغلى، دېھقاننىڭ قىزى،
مەردانە ئويناپ، رىكورد بۇزۇشتى.

مەپتۇن ئەيلىدى بارچە كۆڭۈلنى،
ئىسپورتچىلارنىڭ ئۇچقۇر پەرۋازى.
ئاسمان-زېمىننى قاپلىدى ئەنە،
رەھمەت-تەشەككۇر، ئالقىش ئاۋازى.

ئىشچى-دېھقاننىڭ ئوغۇل-قىزلىرى،
داستانغا لايىق شانلىق ئىزلىرى.
تاڭ قۇياشىدەك پارلاپ تۇرىدۇ،
ئەتىگە باققان نۇرلۇق كۆزلىرى.

1953-يىل ماي، ئۈرۈمچى.

كىشەنلەر چېقىلدى، يوقالدى جاپا،
تۆن كەتتى، يورۇدى يوپيورۇق سابا،
يولۇڭدىن تاپتۇق بىز تۆمەن مىڭ ۋاپا،
سەن مېھنەتكەش ئەلنىڭ پاسبانى.

ۋەتەننىڭ باغلىرى، دەريا، كۆللىرى،
چىمەنزار تاغلىرى، ھەتتا چۆللىرى،
سۆيۈندى سېنىڭدىن غۇنچە گۈللىرى،
سەن مېھنەتكەش ئەلنىڭ باسبانى.

ۋەتەندە ياڭرىدى ”ياشا“ ئاۋازى،
پارتىيە يولۇڭنىڭ ئارتۇق پەرۋازى،
چېلىندى تويۇڭنىڭ يېقىملىق سازى،
سەن مېھنەتكەش ئەلنىڭ پاسبانى.

1950-يىل 7-ئاي، ئۈرۈمچى.



ئورمىنىڭ، گۈلباغلىرىڭ قەددىڭگەزىنىنەت خۇش چىراي،
باغۋەنىڭدۇر ئىشچى-دېھقان-ئەھلى مەردانىم، ۋەتەن.

يوق سېنىڭدە تىلسىماتلىق (ئۇ، ئىلاھىنىڭ ئىشى)،
ھەممىنى ئەمگەك ياراتقان ئىلمۇ پەن كانىم ۋەتەن.

تاغۇ تاش، تۇپراقلىرىڭ دۈشمەنگە خەنجەر، ئوق بولۇپ،
ياڭرىتار خائىنغا نەپرەت مەردۇ-مەيدانىم ۋەتەن.

ھەر كۆرەشتە داڭ چىقارغان جەڭگىۋار ئەۋلادلىرىڭ،
سەپ بولۇپ گاڭدەك ئۇيۇشتى، سەندە دەرمانىم ۋەتەن.

باش قوشۇپ قاغاشسىمۇ يادرو مۇڭگۈزلۈك لاللىلار
تەڭ كىلەلمەيدۇ ساڭا، تىللاردا داستانىم ۋەتەن.

يەر يۈزى خالىي، ئەمەس سەندىن مۇھەببەت كۆتمىگەن،
دوستلىرىڭ يوق يەرمۇ يوقكى، دوستقا دىلدارىم ۋەتەن.

ئاسىيا، ئافرىقىلىق، لاتىن ئامېرىكا خەلقلىرى
بۇ ئۇلۇغ نامىڭغا سۇندى گۈلدەستە، رەيھانىم ۋەتەن.

چۈنكى، سەن ماركسىغا سادىق، ئىلمۇ پەنىنىڭ تۆۋرۈكى،
كۈچ ئالار سەندىن جېمى ئەل، ياشنا قورغانىم، ۋەتەن.

# غالىپ ۋەتەن

دەۋرىمىزنىڭ نۇر چىراغى، ھۆرمىتىم-شانىم ۋەتەن،
شۆھرىتىڭ دۇنياغا مەشھۇر، جەننىتىم-جانىم ۋەتەن.

مەن سىنى ۋەتەن دېسەم، شۇ سۆز بىلەن قەلبىم يانار.
تۇپرىقىڭ ھەر جانغا قۇۋۋەت، ئەقلى-ۋىجدانىم ۋەتەن.

كۆكرىكىڭدە يالتىراپ تۇرغاچ ھەقىقەت مەشئىلى،
يەر يۈزى قايىل ساڭا، تارىخى دەۋرانىم ۋەتەن.

قىپقىزىل بايراق بىلەن ئىقبالىمىز كۈندىن يورۇق،
قۇدرىتىڭ نۇرى بىلەن لىق تولدى ھەريانىم، ۋەتەن.

چۆللىرىڭ گۈلزار-چىمەنگە پۈركۈنۈپ بارغانسېرى،
ناخشا ئېيتار تاغ-دېڭىزلار، شاد-خۇرامانىم ۋەتەن.

# پاناما خەلقىگە

باتۇر خەلق دېگەن نامىڭنى چىقار،
ۋەتەنپەرۋەرلىك شانىڭنى چىقار،
قانخور زالىمنىڭ ئۆرتە باغرىنى،
ئىنتىقام ئوچۇن بارىڭنى چىقار.

كۆچكە ئايلاندۇر غەزىپىڭنى سەن،
چىقىپ كەتسۇن ئۇ، ئۇر ھەردەمدە سەن.
تىترىدى قاتىل زەربە كۆچىدىن،
يېتىم ئەمەسسەن، بۇ ئالەمدىسەن.

مۇشكۇل ئىشلارغا قەتئىي چارە قىل،
قامال زەنجىرىنى مىلك-مىلك پارە قىل.
ئوغۇل-قىزلىرىڭ قىزىتسۇن جەڭنى،
تېپىپ بەختىڭنى كۇل، سەييارە قىل.

سەندە بار هۆرلۇك تۇغى، قەيسەر ۋە باتۇر خەلقىمىز،
ماۋ زېدۇڭ بولغاچ يېڭىلمەس غالىپ قوماندانىم، ۋەتەن.

1958-يىل، ئۈرۈمچى.



# مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز

ھۆر ۋەتەن قەلبىگە يازدۇق قان بىلەن بىز شەرەپ-شانىنى،
بوگۈنكى باغ ۋە سەھرامىز سېغىندۇردى ئېزىز جانىنى.

”ھەقىقەت ئىزدىمەك بولساڭ كۆرۈشمەي يول تېپىلماس“دەپ
ئۆگەتكەن ئىدى چىڭ تيەنچۇ نىشانلىق يېڭى دەۋرانىنى.

ئۇمىدۋارلىق بىلەن هارماي مۇشەققەتنى يېڭىپ ئىشلەپ،
سائادەت ئۇلىغا قوشتى ئۇلۇغ تۆھپە ئىتىپ جانىنى.

مەدەتكار بولدى ماۋ زېمىن يۇلۇپ تاشلاپ خۇراپاتنى،
پاچاقلاشقا جاھالەتلىك قاراڭغۇ تۈننى-زىندانىنى.

ساۋاق بەرگەندە لىڭ جىلۇ ئۇلۇغ يەنئەن كىتابىدىن،
”ۋەتەنپەرۋەر بولۇڭلار“ دەپ ئۆگەتكەن قەتئىي مەيدانىنى.

قەغەز يولۋاسلار قىلسىمۇ ھەيۋە،
ھەقىقانىي جەڭگە چىدالماس زەررە.
بۆسۈپ، پاچاقلاپ توسقۇن قامالنى،
ئىنقىلاب چوقۇم قىلىدۇ غەلىبە.

دەھشەتلىك يامغۇر، باسسىمۇ بۇلۇت،
چاقناپ قۇياشتەك، يولۇڭنى قۇرۇت.
قانغا بويالغان قىرغاقلىرىڭنى،
كۆرەش نۇرىدا مەڭگۈگە يورۇت.

زۇلمەتتىن تاشتى غەزىپىڭ جامى،
قۇربانلىرىڭنىڭ ئۆچمىسۇن نامى.
قەلبىڭگە چىراغ، غەيرىتىڭگە كۈچ،
جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرەك سالامى.

1964-يىل، ئۈرۈمچى.

”ۋەتەن ئۈچۈن ئالغا!“ دېگەن شوئارىڭلارنى ئۇنۇتمايمىز،
ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا بۇ پەرمانىڭلارنى ئۇنۇتمايمىز.

1964-يىل، 4-ئاي، ئۈرۈمچى.

كۆرەشتە ھەل قىلىپ ھەردەم مۆرەككەپ ۋە قىيىن ئىشنى،
نىجىس خائىنغا يول بەرمەي، قاراتتى يەر ۋە ئاسماننى.

سوراقتا قەتئىي تىز پۈكمەي، قىلىپ شەرمەندە دۈشمەننى،
جاكارلاپ ئېيتتى ئۆتكەنكى پۈتۈن تارىخىي جەرياننى.

پرولېتار ئوغلى ماۋ زېمىن ئېچىپ شىڭئىنىڭ[1] نىقابىنى،
تونۇتتى ھەممە مىللەتكە بۇ ئىبلىس جىن ۋە شەيتاننى.

يوقاتتى ۋەھشىي شىڭ دۆبەن ئېزىلگەن ھەممە خەلقلەرگە
ئادالەت دەرسىنى ئۆتكەن سۆيۈملۈك ئالىي ئىنساننى.

بۈگۈن شىنجاڭدا ھەر مىللەت سېغىنغاچ ئۇ قەدىردانىنى،
تىزىپ شەنىگە گۈلدەستە، يازار تارىخىي داستاننى.

* * *

چىڭ تيەنچۈ، ماۋ زېمىن دېگەن نامىڭلارنى ئۇنۇتمايمىز،
پارلاق تارىخىمىزدىكى شانىڭلارنى ئۇنۇتمايمىز،

شىنجاڭدا تۆكۈلگەن ساپ قېنىڭلارنى ئۇنۇتمايمىز،
سىلەرنىڭ ئۇلۇغ غايە-نىشانىڭلارنى ئۇنۇتمايمىز،

---

① شىڭ شىسەي.

ئىلمۇ ئىرپاندىن ياراتقان چىن بەختىنىڭ كانى بار،
ھەم ئۇلۇغ ماركسقا سادىق جەڭگىۋار ئەۋلادى بار،
چۈنكى بىزدە ئەڭ ئۇلۇغۋار ماۋ زېدۇڭدەك داھى بار.

تاغ كېسىپ، تونېل ئېچىشتا ئىشچىلار قىلغاچقا جەڭ،
قان تومۇردەك بىر تۇتاشتى ھەممە زەنلەر تەڭمۇ-تەڭ،
بار ئىدى ئۆتمۈشتە ساپلا كونا پوتەي، كونا دەڭ،
ئەمدى يوقتۇر يول جاپاسى، يوللار ئاۋات، تەكشى كەڭ،
كۆر، پولات دۇلدۇلغا مىندۇق، قالدى چاڭدا شۇم كورەڭ.

ھەممە يەردە ئىشچىلار-ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۇلگىسى،
تېخى گاڭ دۇلدۇلنى تېز ھەر يانغا ئىلگىر سۈرگۈسى،
شۇندا خەلقىم چاپتۇرۇپ دۇلدۇلنى ئالغا يۈرگۈسى،
ھەر كۈرەش، دولقۇندا ياڭرار دەۋرىمىزنىڭ كۈلكىسى،
قان قۇسۇپ ئۆلەر شۇ چاغدا ئاقسارايىنىڭ تۈلكىسى.

ئوينۇتۇپ بوز يايلىنى گاڭ دۇلدۇلۇم كەلگەن كۈنى،
”يول ئازابى-گۆر ئازابى“نىڭ يېشىلدى تۈگۈنى،
شوخ يىگىت، مەردانە قىزلار قولىدا دەستە گۈلى،
گۈلنى سۇنغاندا ئۇنىڭغا، كۆڭلىدىن قۇتلاپ ئۈنى،
”پارتىيىمىز مىڭ ياشا!“ دەپ ياڭرىدى خەلقىم ئۈنى.

1963-يىل، ئۈرۈمچى.

# خۇش خەۋەر

كەلدى پويىز دەپ بۇ يۇرتقا تارقىلغاندا خۇش خەۋەر،
شاد-خۇراملىق ھەر تەرەپنى قاپلىغاندا تاڭ-سەھەر،
شۇ سادادىن ئۆلكىمىزگە يامرىغاندا نۇر زەپەر،
"خۇش كەپسەن!" دەپ چىقتى خەلقىم، قارشى ئېپ يېزا-شەھەر،
داغدا قالدى شۇم رەقىبلەر شۇ كۈنى يۇتۇپ زەھەر!

گاڭ ئېتىمنىڭ چۈلۈۋۈرىنى چىڭ تۇتۇپ دانا ئادەم،
باشلىغاچ غەلىبىسىنى، تېز سەكرىدۇق تاشلاپ قەدەم،
ھەر قەدەمدە چىڭ تۇرۇپ، ياۋغا بەرمەي قىلچە دەم،
ھەر كۈرەشنىڭ پەللىسىگە تىكلىدۇق قىزىل ئەلەم،
يۇتقۇزۇپ دۈشمەنلىگە لەختە-لەختە دەرد-ئەلەم.

جەڭگىۋار جۇڭگو دېسە، دۇنيا يۈزىدە نامى بار،
ھەر كۈرەشتە سان-ساناقسىز شەۋكىتى بار، شانى بار،

ھەربىر مىسرا ئىنقىلابنىڭ قانۇنى ھەم جاكاسى،
ئۇندا پارلار چىن ھەقىقەت، كوممۇنىزم مەناسى،
بىزدە بولغاچ ئۇلۇغ داھى شائىرلارنىڭ داناسى،
شۇڭا بۈگۈن بولدى ۋەتەن پارلاق ھايات دۇنياسى،
ئۆستۈرۈپ قەتئى كۈرەشچان ئىنقىلاب ئەۋلادىنى.

ئىجادىيەت گۈلزارىغا بەردى يۈكسەك كامالەت،
ياغدۇرۇپ دوستلارغا شان، دۈشمەنگە قايغۇ-نادامەت،
"كەلمەس، — دىدى، ئۆز-ئۆزىدىن غەلىبىلىك سائادەت،
شۇڭا باغلا ئىنقىلابقا ئاداققىچە ساداقەت،
ئۇر رەھىمسىز زۇمىگەرنىڭ پەس، خۇنۇك پەردازىنى".

* * *

قىپقىزىل نۇر پۈركىدى ئەدەبىيات گۈلزارىنى،
ئەسلىتىپ چاڭجىڭ ياراتقان قەھرىمانلىق شانىنى،
مىڭلىغان دەريا-داۋانى تۈزلىگەن دەۋرانىنى،
زوق بىلەن كۈيلەپ، ياراتتى ئىنقىلاب داستانىنى،
مەڭگۈ ئۆگەنسەكمۇ پۈتمەس ئۇ ئىلىم دەرياسىنى.

1965-يىل 4-ئاي، ئۈرۈمچى.

# ئىنقىلاب داستانىغا

—ماۋجۇشى شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

قىپقىزىل كۆي قاپلىدى ئەدەبىيات گۈلزارىنى،
ئەسلىتىپ چاڭجېڭ[1]ياراتقان قەھرىمانلىق شانىنى،
مىڭلىغان دەريا-داۋاننى تۈزلىگەن دەۋرانىنى،
زوق بىلەن كۈيلەپ، ياراتتى ئىنقىلاب داستانىنى،
مەڭگۈ ئۆگەنسەكمۇ پۈتمەس ئۇ ئىلىم دەرياسىنى.

دەرس ئالدۇق جۇشىنىڭ ئۇلۇغ شېئىر-كىتابىدىن،
"ئۇر، ياۋنى سۇرۇپ شىددەت بىلەن" دېگەن خىتابىدىن.
كۆچ ئېلىپ بىز، باش كۆتۈرۈپ يېڭى تارىخ بابىدىن،
قۇتۇلدۇق ئۇ، نەچچە مىڭ يىللىق زۇلۇم ئازابىدىن. . .
كۈندە مىڭ ئەسلەيدۇ خەلق ماۋجۇشى داناسىنى.

---

① 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر.

قاراڭ بۇ باغدا ياڭرايدۇ خۇشاللىق كۈلكە ئاۋازى،
يۈرەككە زوق بېغىشلايدۇ كۆرەشنىڭ مەڭگۈ پەرۋازى،
شۇڭا غەلبە بېرەر دائىم بۇ يەرنىڭ قىش، باھار، يازى،
مېڭىپ كۆرەش يولى بىرلە ئانا ۋەتەننى گۈللەيلى.

ئۇنۇتسا كىمكى ئۆتمۈشنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ ھەر چاغ،
خۇراپات زەنجىرىن ئۈزدى، ياساپ غەيرەت بىلەن چوڭ تاغ،
شۇڭا ئىشچى ۋە دېھقانغا ئاتالدى ئۈلگە دەپ بۇ باغ،
مېڭىپ كۆرەش يولى بىرلە ئانا ۋەتەننى گۈللەيلى.

بۈگۈن ئەمگەكچى دېھقاننىڭ قىلىپ بۇ باغدا سەيلى،
بۈيۈك ماۋجۇشى داھىنى ئۇلۇغلاپ دىلدا كۈيلەيلى،
ئۇنىڭ نۇرلۇق يولى بىرلە مەنزىلنى كۆزلەيلى،
مېڭىپ كۆرەش يولى بىرلە ئانا ۋەتەننى گۈللەيلى.

1965-يىلى 5-ئاي، ئۈرۈمچى.

# كۇرەش يولى

بۇگۈن ئەمگەكچى دېھقاننىڭ قىلىپ بۇ باغدا سەيلى،
بۈيۈك ماۋجۇشى داھىنى ئۇلۇغلاپ دىلدا كۈيلەيلى،
ئۇلۇغ غايە بىلەن كۈلگەن گۈزەل ئىلىمنى سۆزلەيلى،
مېڭىپ كۇرەش يولى بىرلە ئانا ۋەتەننى گۈللەيلى.

كۇرەش قاينىمىدۇر بۇ باغ، قاراڭ قۇچقان ھەممىشەم شان،
پۇلاتتەك چىڭ ئۇيۇشقان ئەل بولۇپ بىر تەن، بولۇپ بىر جان،
ئېتىزلار گۈل سۈپەت خۇددى يۈرەكتە قوزغۇتار ئىلھام،
مېڭىپ كۇرەش يولى بىرلە ئانا ۋەتەننى گۈللەيلى.

خەلق يەڭدى مۇشەققەتنى قىلىپ مېھنەت، تىزىپ ئۇنچە،
قاقاس تاغلارغا گۈل تېرىپ ئېچىلدۇردى قىزىل غۇنچە،
بۇنى پارتىيەمگە سۇندى قىلىپ شاد ھەممىنى شۇنچە،
مېڭىپ كۇرەش يولى بىرلە ئانا ۋەتەننى گۈللەيلى.

چىمپىيون قىزلار، مۇبارەك، تەرىپىڭ مەردانىلىق
قىلدى يەر شارىدا جەۋلان يار بولۇپ ۋىجدان ساڭا.

سەكرە توپنىڭ يەلكىسىگە، سەيلى قىل ئالەم ئارا،
قىبلىنامە، غەمخورۇڭدۇر پارتىيەم، دەرمان ساڭا.

1982-يىل، ئۈرۈمچى.



# ئاپرېل ساڭا

—دۇنيا چېمپىيونى بولغان ۋالېيبولچى
قىزلىرىمىزغا بېغىشلايمەن

بۇ كۈرەش پارلاق يولۇڭدۇر تارىخىڭ ئېيتقان ساڭا،
يازدى خەلقىم يۈز تۇمەنلەپ ئالغا دەپ داستان ساڭا.

بۇ شەرەپ-شانىڭ سېنىڭكى، قۇدرىتىڭ، جۇڭخۇا ئېلىم،
مارىسقا گەر قويساڭ قەدەمنى بار بۇگۈن ئىمكان ساڭا.

بۇ بۈيۈك پارلاق يولۇڭغا مىڭلىغان ئەۋلادلىرىڭ،
مەڭگۈ تۇلپارىڭ بولۇپ كۈچلەر بېرەر ھەريان ساڭا.

ئەي ئېسىل مەردانە قىزلار، چېمپىيونلۇق شۆھرىتىڭ،
قىستى گۈل تارىخىمىزغا، دەر ئاپرېل دەۋران ساڭا.

پارتىيەم مېھرىڭدە ياشناپ جەمى جان بەختىيار بولدى،
ياشىرىپ بۇ قەدىمىي ئەل تۆت پەسلى گۈل باھار بولدى.
تيانشان باغرىدا كۈن-تۈن ئېقىن دەريا ئاقار بولدى،
قاقاسلىق چۆل تەكلىماكان گويا ئاۋات بازار بولدى،
كۆرۈپ بۇ ھالنى بۇلبۇللار ناخشا ئېيتىشقا خۇمار بولدى.

ئۇسسىغان گۈل ئىدىم پەرۋىش قىلىپ باغرىڭدا ئۆستۈردۈڭ،
كۈلۈپ قەلبىم گۈل شاخىغا بەخت قۇشۇمنى كەلتۈردۈڭ،
ئۇلۇغ ئۇستاز بولۇپ جەڭدە جەسۇرلۇق تونى كەيدۈردۈڭ،
باغىمغا قەست ئەيلىگەن قۇزغۇننىڭ بارىنى ئۆلتۈردۈڭ،
شەنىڭگە پارتىيەم شائىرلىرىڭ داستان يازار بولدى.

قۇياشتەك ئىللىق مېھرىڭدىن جەمى ئەل بەختىيار بولدى،
شەنىڭگە پارتىيەم ئەل-يۇرت، شېئىر-داستان ئوقار بولدى،
كۆرسەتكەن يولۇڭ بويلاپ مېنىپ دۇلدۇل چاپار بولدى،
ئېچىلىپ ھەممە گۈل تەكشى، سەنئەتتە لەيلىزار بولدى.
ۋەتەن پەرزەنتلىرىڭ ئىناق، سېپىڭدە بەرقارار بولدى.

تيانشان باغرىدا بۇ كۈن قىلىپ توي ئالغا ئۆرلەيمىز،
توي بېشى پارتىيەم ئۆزۈڭ، يورۇق ئىقبالىنى كۆزلەيمىز،
ۋەتەننىڭ گۈزەل بولۇشىنى جەمى مەيداندا سۆزلەيمىز،
چېلىشتا غەلىبە-شان قوچۇپ، ئۇلۇغ پارتىيەمنى كۈيلەيمىز،
مەڭگۈ ھۆر بولماق يولىدا قارارىڭ زۇلپىقار بولدى.

1982-يىل 7-ئاي، ئۈرۈمچى.

# پارتىيەمگە

—جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
16-يىللىقىغا بېغىشلايمەن

ئالەمشۇمۇل شەرەپ كەلتۈردى بۈگۈن ئۆلكەمگە،
ئۇلۇغ مەقسەت غايىلىرى لەززەت بەرگەچ ھەر دەمگە،
بارچە مىللەت تەنتەنە قىلىپ ئۇلۇغ پارتىيەمگە،
پەنگە يۈرۈش قىلىشنى جاكارلىدى پۈتۈن ئالەمگە،
ئىلىم-پەنگە قىزىقمىغان كىشى ئوخشارمۇ ئادەمگە.

قەدەم قويساق گەر ئەرشىنىڭ ئاشىيانىغا،
ئەجدادىمىز كۈلۈپ باقار يۇسۇپ خاس چىرايىغا،
جاھان دېڭىزلىرىدىن چوڭقۇراق يېزىلغان داستانىغا،
جۇڭخۇا دەۋرانىنى پارتىيە ھۆرمىتىدىن يەتكۈزۈپ جايىغا،
بۇ ھۆرمەت مۇنبىرىنى سۈرتتۈم يۈزۈم-كۆزۈمگە.

كۆرسىتىپ بەردى نىشان بىزگە قۇرۇلتاي[1] مۇنبىرى،
سەپ تۈزۈپ قىلدۇق يۈرۈش، غەيرەت-شىجائەت بىزدە بار.

1982-يىل 11-ئاي، ئۈرۈمچى.



① پارتىيە 12-قۇرۇلتىيى.

# بىزدە بار

بارچە مىللەت ئىتتىپاقلاشتۇق، جاسارەت بىزدە بار،
ئىتتىپاقلىقتىن يارالغان ھۆر-سائادەت بىزدە بار.

تارىخىي ئىناقلىقنىڭ بولغاچقا چوڭقۇر يىلتىزى،
ئۆزئارا چەكسىز مۇھەببەت ھەم ساداقەت بىزدە بار.

خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغان ئىتتىپاقلىق خىسلىتى،
ئۇنى نۇرلاندۇردى دەۋرىم، چىن كاپالەت بىزدە بار.

خۇددى يۇلتۇزدەك ساناقسىز ئىتتىپاقلىق ئىش ئىزى،
بەھرىدىن گۈللەندى ئەل-يۇرت، ئۇز قىياپەت بىزدە بار.

ھەممە مىللەت تەڭ-باراۋەر، كىمكى كەمسىتسە ئۇنى،
تەربىيە بەرمەك ئۈچۈن لايىق ئادالەت بىزدە بار.

# تۆكۈلمەس كۆز يېشىم

(تەقلىد)

ئۆتتى باھار چاغلىرىم قايغۇلۇق تۈندە،
مېھرىبان ئانام بىلەن ئوغلۇمنى ھەمدە.
ئۈمىدلىك تەلپۈنۈپ ھەسرەتتە-غەمدە،
ئاقارغان چاچلىرىم ئىككى چېكەمدە.

كۆزىدىن ياش تېمىپ تۇرغان مېھرىبان،
ئانامنى كۈندە ئالدىمدا كۆرىمەن.
ناھەق ئۆرۈلسامىمۇ بولماسمەن قۇربان،
مىڭ بىر ئۆرتۈنۈپ مىڭ بىر كۆيىمەن.

ئادالەت ناخشىسى بىرلە تولۇبسام پەرياد،
مەن دېگەندەك بولمىدى بۇ ھايات.

# 1971-يىلدىن 1980-يىلغىچە يېزىلغان شېئىرلار

سەن بىلەن تەقدىرداش بولمىغان ئادەم يامان كۆنلەردىمۇ شۇنداق تەقدىرداش بولالمايدۇ.

—ئىزوپ

ھەقىقەتنى قوغدىغان ئادەم ئاھ ئۇرمايدۇ. ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر خار-زار بولۇپ، جاھىللارنىڭ ئەزىز بولغىنى دۇنيادا كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

—ئەلىشىر نەۋائى

# ئەمدى بىلدىم

ئۆتمۈشۈمدىن ئېيتمىدىم داد، ئىمتىياز كەتكەندە مەن،
شۇ ھەقىقەت سۆزلىدى دەل ئەۋزىيەت چەككەندە مەن.
تەلمۈرۈشتى چىن تىلەككە جانجان پەرزەنتلىرىم،
ئەمدى بىلدىم دوستلىرىمنى باشقا كۈن چۈشكەندە مەن.

1971ـيىل 8ـئاي، ئۈرۈمچى.



هايات ئىچىنىشتىن بەردى بىر ساۋات،
يوق ئىدى ئەقىدەمدىن بۆلەك سۇبات.

بىر نامەرد بىلەن بۇلغاندى رىزقى ئىشىم،
تاياق توقماق بىلەن يېرىلغاندا بېشىم.
يوق ئىدى ئانامدىن بۆلەك سىردىشىم،
مەرد بولۇپ ئۆتەرمەنكى تۆكۈلمەس كۆز يېشىم.

تۆكۈلمەس كۆز يېشىم تەلپۈنۈپ ئادالەتكە،
مەرد ئۆتكەن ياشلىقىم ئېگىلمەس جاھالەتكە.
نامەردلەر سالالمايدۇ مەڭگۈ چاڭگال،
مېھنىتىم ئاتا قىلغان بەخت-سائادەتكە.

1971-يىل 12-ئاي، ئۈرۈمچى.

# سېغىنغاندا

مېھرى-شەپقەت داۋا بولدى قەلبىمدىكى سىزىقلارغا،
مۇڭداشقاندەك ھوزۇرلاندىم ئانام ئاسقان بويىنـۇمـدىكى
تىزىقلارغا.
ئەل جامائەت جەم بولمىسا قانداق قىلىپ باغرىم قانسۇن،
ئەجدادىمىز ئېيتىپ ئۆتكەن ھېكمەتلىك سۆز-قىزىقلارغا.

ئەل-يۇرتۇمنى سېغىنغانتىم ئۇزاقلادىن،
دىلدار سالام ئېلىپ كەلدى بوۋاقلاردىن.
تېڭشۇالسام باغرىمغا دەپ چىن سۆز قىلغان،
ئەزىمەتلەردەك شېرىن سۆزلۈك ئوماقلاردىن.

مېھرىبانلىق يىلتىز تارتىپ گۈل كەلتۈردى،
رىشتى باغلاپ قەشقەرگە ئوخشاش يىراقلاردىن.

# نامەرد

ھەق سۆزلىمىدى نامەرد، ئۈمىدىم يوق ۋاپادىن،
ئاھ ئۆمرۈم تۈگىدى، قىزىم، بۇ جەبرى جاپادىن.
قايغۇرما، ئېچىلىدۇ قىپقىزىل بەخت گۈللىرىڭ،
داداڭ مەڭگۈ ھايات دەپ خەۋەر كەلسە سابادىن.

1976-يىل 3-ئاي، ئۈرۈمچى.



# جانان ساڭا

تۇغۇلۇپ ئىشقىڭ بىلەن يازغان ئىدىم داستان ساڭا،
چۈنكى ھەرگىز ئوخشىمايتتى كۆلسىمۇ چولپان ساڭا.

چىن مۇھەببەت بابىدىن دەسلەپتىلا ئاچقاندا سۆز،
مەڭگۈلۈك دەپ جىلۋە قىلغان شۇ ئەقىل ۋىجدان ساڭا.

سەلتەنەت چېركاۋلىرى كۆتكەندە قار ياغدۇرسىمۇ،
گۈل چېچەك ئاتقان ئىدى بۇ ساپ يۈرەك ئىنسان ساڭا.

كېپىنەك پەرۋاز قىلىپ ئۇچقاندا شادلىق توي كۈنى،
قانتومۇر ئۇرغۇپ قوشۇلدى، قوش يۈرەك ھەم جان ساڭا.

چىن ۋاپادار مېھرىڭ ئىچرە ئۆتتى بۇ ئەللىك يىلىم،
شۇ جاپادا ئۆتكەن ئۆمرۈم مەڭگۈ بولسۇن يار ساڭا.

يىراقلارمۇ يىراق ئەمەس ھايات ئۆتكەچ،
بوۋام ئېيتقان قېرىنداشلىق سىناقلاردىن.

1977-يىل 5-ئاي، ئۈرۈمچى.



# كاپالەتكە

”هەق ئېگىلەر، سۆنماس“ دېگەن بۆ ئۇلۇغ ھەقىقەتكە،
سىڭگەن كۆرەش قانۇنى بېرىپ بەختى-سائادەتكە.
ئۇلۇغ غايە نۇر چېچىپ ئەمەلىيەتنى كۆرسەتتى،
بۇنى مەردانە دېك شياۋپىڭ تونۇتتى ئەل-جامائەتكە.

پارتىيە باشپاناھ بولغاچ ھەل بولدى تىلەكلەر دەپ،
كۆلدى مىليون يۈرەكلەر، يېتىلك مەڭگۈ كامالەتكە.
پېشقەدەملەر ھەم زىيالىي سىزنى قوللاپ تەلپۈنۈشتى،
بۈيۈك يولدا يۈرۈپ بىللە ئىگە بولدى كاپالەتكە.

1979-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى، ئۈرۈمچى.

بەختىمىزنىڭ سىمۋولى پەرزەنتىمىز-ئەۋلادىمىز،
مەن ئۈچۈن باغۋەن بولۇپ گۈلدەك ياسار بوستان ساڭا.

ئىككى قىز ئۈستى ئەقىللىق بىباھا گۆھەر بولۇپ،
ئىلمۇ پەن ئەھلى بولۇپ قۇت كەلتۇرەر ھەرئان ساڭا.

1977-يىل 6-ئاي، ئۈرۈمچى.



بىغىشلايمەن ھاياتىمنى، شۇ ئىشقا تامچە بولسامۇ،
ئىلىم، ئەمگەك بىلەن چۈنكى، كۆڭۈلگە شادىمان تاپتىم.

قايان باقسام، دەۋر ئىلھام بېرەر قەلبىمگە ھەر سائەت،
شۇڭا مەنمۇ يازاي دەپ بۇ ھاياتتىن داستان تاپتىم.

1980-يىل 1-ئاي، ئۈرۈمچى.



# داستان تاپتىم

بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققاچ قۇياش روشەن، نىشان تاپتىم،
ۋەتەننىڭ بەختى كەلگەچكە، بۆلەكتىن مەنمۇ جان تاپتىم.

تۆت زىيانداش بولۇپ تارمار، ئۈزۈلگەچ بارچە زەنجىرلەر،
ئۇلۇغ خەلقىم بىلەن مەنمۇ ئەجەپ ئازاد جاھان تاپتىم.

ھايات مەنزىلى دولقۇنلۇق، سىناقلاردىن ئۆتۈپ ئاخىر،
ھەقىقەت ئۆلچىمى بولغاچ، ياشانغاندا ئامان تاپتىم.

يېتەكلەپ پارتىيە ئەلنى ئېلىپ چىقتى يورۇقلۇققا،
ئېلىم-يەن گۈل چېچەك ئاتقان، ئەجەپ نۇرلۇق زامان تاپتىم.

بۈگۈن خەلقىم يېڭى شانلىق سەپەردە ئالغا يۈكسەلدى،
زامانلاشقان ۋەتەن قۇرماق يولۇمدا كۆپ راۋان تاپتىم.

# قەشقەر ساڭا

## 1

قەشقىرىم جىسمىم گويا ئۆچمەيدىغان گۈلخان ساڭا،
يازىمەن ئىشقىڭدا يالقۇنلۇق غەزەل-داستان ساڭا.

چىن يۈرەك قەلبىم بىلەن قىلغاچ قەسەم دەسلەپتىلا،
مەن بولاي دەپ ئەھدى قىلغان جەڭگىۋار ئوغلان ساڭا.

تۇننى كۈنلەر قوغلىشىپ قايناق چېلىش، جەڭلەر ئارا،
بولدى ھەر ئىشتا تەسەددۇق مېھنىتىم ھەر ئان ساڭا.

چۈشىنىمۇ باشقا قىرو مەردانىمەن قەشقەردىكى،
ئەمگىكىم، ئەجرىم ۋە ھەتتا بارلىقىم قۇربان ساڭا.

# 1992-يىلدىن 1996-يىلغىچە
# يېزىلغان شېئىرلار

توغرا يول ئەجدادلار ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئاندىن كېيىن يەنە ئالغا قاراپ مېڭىشتۇر.

—ل • تولستوي

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىنسانشۇناسلىق دېمەكتۇر. مې-نىڭ بىر ئۆمۈر يازغانلىرىم ئىنسانشۇناسلىقتۇر.

—ماكسىم گوركىي

تۇغۇلغان يۇرتۇڭ ساڭا ھاياتلىق ئاتا قىلغاچ، سەن مەۋجۇت.

—ئېينىشتېين

غەپلەت بىلەن قىپ قالاتتىڭ غەيرىي شىكايەت بولمىسا.

مىڭ قەسەمدىن مىڭ دالالەت مىڭ ۋاپادارنى كۆرۈپ،
كىم كۆلەتتى مىڭ جاپادا كەلگەن ھالاۋەت بولمىسا.

* * *

جاپا چەككەن بىر تال ئۆرۈق يەرگە چۆشۈپ چېچەك بولدى،
دېھقان ئۈچۈن جاندىن كېچىپ ئۆلگەن قۇرۇت يىپەك بولدى.

ئۇلۇغ غايە، ئۇلۇغ مەقسەت، بىر كۈچ بولۇپ تىلەك بولدى،
مىراس ئۈچۈن جاپا چەككەن ئىلىم ئەھلىدە ساپ يۈرەك
بولدى.

* * *

ئىلىم-پەننى ئېلىپ كەلگەچ ئەجدادىمىز ئۇزاقلاردىن،
مۇنار سالدۇق مىراستىكى تۈگمەس گۆھەر بۇلاقلاردىن.

ئەل ئالدىدا قەسەم بېرىپ سەبىيلەردەك ئۆتەلىسەك،
تارىخ ئۈچۈن بىر تامچە تەر تۆككەن دېگەن سىناقلاردىن.

* * *

تارىخ ھۆكمى شۇنداق ئىكەن ماڭدۇق بىللە بىز سەپەرگە،
ئىلىم ئەھلى ۋەدىلەشكەچ يېتىمىز شانلىق زەپەرگە.

جىمى ئالەم، جىمى ئادەم مىراس ئۈچۈن بىللە كۈلسۇن،

ئىپتىخارىم كەلگۈسى پارلاپ تۈمەن ئەۋلادلىرىم،
مەڭگۈلۈك شانۇ شەرەپ، قۇت كەلتۈرەر چەندان ساڭا.

2

قەشقىرىم قوينىڭدا مەن زاماندىن شان-شەرەپ تاپتىم،
ۋەتەننىڭ بەختى كۈلگەچكە بۆلەكتىن مەنمۇ جان تاپتىم.

ھايات مەنزىلى دولقۇنلۇق داۋانلاردىن ئۆتۈپ ئاخىر،
يۈسۈپ، مەھمۇد مۇقەددەس دەپ ياشانغاندا ئامان تاپتىم.

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئىلىم ئەھلىمۇ كۈلگەچكە،
ئىلىم-پەن گۈل-چېچەك ئاچقان ئەجەپ نۇرلۇق زامان تاپتىم.

بۈگۈن قەشقەر يېڭى شادلىق سەپەردە ئالغا يۈكسەلدى،
تىنچ پارلاق ۋەتەن قۇرماق يولىدا چوڭ نىشان تاپتىم.

بېغىشلايمەن ھاياتىمنى مىراسقا تامچە بولسامۇ،
ئىلىم-ئەمگەك بىلەن چۈنكى كۆڭۈلگە شادىمان تاپتىم.

3

ئۆتمۈشۈڭدىن قالغۇدەك بىر مەردلىك ھېكايەت بولمىسا،

چىقسا نامەرد شۇم رەقىبلەر مىللىتىمگە داغ سىلىپ،
كۆرسىتەر قەھرى-غەزەپ بىرلە شىجائەت سەندە بار.

غالىبانە ئىتتىپاقتىن ھەل بولار چەكسىز مۇراد،
ياخشى ئىشلارغا ھامان ھىممەت-ساخاۋەت سەندە بار.

ھۆر ۋەتەننى ھەممە مىللەت تائەبەد جاندەك سۆيەر،
بۇ ۋەتەنگە چىن قەسەم بەرگەن جامائەت سەندە بار.

ئەل جامائەت چوڭ ساماغا چۈشتى بايرام-ھېيت كۈنى،
كۆر، مۇقام ئاسمانغا ھەم چىقسا كاپالەت سەندە بار.

ئالىم يۈسۈپ شائىر ھەقىرىدىن ئېلىپ قىلدىم زەبان،
ئىلىم-پەن ئەھلىگە ھۆرمەت، چىن ساداقەت سەندە بار.

1992-يىل 6-ئاي، قەشقەر.

مىراسلاردىن مۇنار[1] ياساپ جاكارلانغان بۇ خەۋەرگە.

## 4

ئەي ئەزىز قەشقەر ئېلى ئىقبال، سائادەت سەندە بار،
مېھنىتىڭ كەۋسەر ياراتقاچ ئىنسانغا راھەت سەندە بار.

بارچە مىللەت تىنچ، ئىناق بولغاچقا تەڭلىك ھۆرمىتى،
مېھرى-شەپقەت ئۆزئارا مەڭگۈ شاپائەت سەندە بار.

ئىشچى، دېھقانلار ياراتقان بىزدىكى شېرىن ھايات،
كۆلگەندەك ئاسمان پەرىسى سۇمبۇل لاتاپەت سەندە بار.

كەمبەغەل، يوقسۇل مانا ئالەمشۇمۇل باي بولدى، كۆر،
ھەممە دوست، مېھمان ئۈچۈن ئىززەت، ساياھەت سەندە بار.

خەلق ئىچىدە كەڭ تارالغان مەرىپەتنىڭ كانى دەپ،
مەھمۇد، يۈسۈپ بوۋام ئاچقان پەن-پاساھەت سەندە بار.

چىقتى يۇرتۇمدىن ھېسابسىز شائىر، مۇقام ئۇستازلىرى،
گويا، نەققاش، يادىكارلىق كۆپ كارامەت سەندە بار.

---

[1] ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ۋە تۆت خىل تىلدا يېڭىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان ئۇنىڭكى مۇقامغا دائىر ئون ئىككى توم كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەزىلەتتىن قانات قاققاچ جاسارەتتىن ئۇچار دۇلدۇل،
پاك دىيانەت، ھالال مېھنەت ھەق تاپقۇسى ھەريان بىلەن.

قەشقەر سېنى قانچە يازسام يوقتۇر ئارمانىم مېنىڭ،
ھەر سەھەر قىلسام تەپەككۇر جانلىنۇر جانىم مېنىڭ،
ئەرشكە چىقاي دېسەمۇ يەتمىسە ھالىم مېنىڭ،
يەتكىلى ئىمكان ياراتقاي ئەقلۇ ۋىجدانىم مېنىڭ،
پۈتسە بۇ داستان شۇ چاغدا كۆندە توي جەۋلان بىلەن.

كەمبەغەل يۇرتۇم ئۈچۈن سەن يوقسۇللارغا شاپائەت قىل،
ئوتتىمۇ كۆيمەيدىغان سەمەندەردەك قانائەت قىل،
يول تاپارسەن "بۇ تەلەپكار" ئۆلپەتىڭدەك ماھارەت قىل،
ئەۋلاد ئۈچۈن بۇ مۇنارنىڭ چەمبىرى بول، شىجائەت قىل،
تارىخ بىزگە گۇۋاھ بولۇپ ئىز قالدۇرار دەۋران بىلەن.

1992-يىل 7-ئاي، قەشقەر.



# قەشقەر ھەققىدە مۇخەممەس

ئۇلۇغ يولغا بەل باغلىدۇق شادلىق ئىزدەپ ئارمان بىلەن،
چىن مۇھەببەت ئاتا قىلغان مەڭگۈلۈك روھ-دەرمان بىلەن،
غايىمىزنى يوقىتالماس ھەسەتخورمۇ پەرمان بىلەن،
چوقۇم يېتىمىز شۇ مەنزىلگە ئەھرەمەندەك پالۋان بىلەن،
ئۆتتى پەرھات تاغلار كېسىپ شىرىن كەبى جانان بىلەن.

ھاياتىنى بېغىشلىغان پەن ئەھلىگە ئالەم كۆلەر،
ئۆز قەدرىنى خار ئەيلىگەن نامەردلەرگە ئادەم كۆلەر،
مەردلىك بىلەن داڭ چىقارغان ئادىمىلەر ھەردەم كۆلەر،
بۇ تارىخنى قالدۇرۇشقا قەلەم ئالغان ھاتەم كۆلەر،
ئۇلۇغ مېھنەت ئىنسان ئۈچۈن ئىز قالدۇرار جەريان بىلەن.

ھاياتىمدا ئېچىلغان يوق جاھان ئىچرە سېنىڭدەك گۈل،
مۇھەببەتتىن ئەلەم چەككەن دەردمەنلەرگە ساجىپ سۇمبۇل،
كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماي سېنىڭ شاخىڭدىكى بۇلبۇل،

مىراسلار[1]دىن مۇنار سالدۇق دەستە گۈللەر ھەر يەرگە دەپ،
ئۆتمۈشتىكى ئىزلىرىمىز شاھىد دەريا تۈمەنگە دەپ،
مېھرى-شەپقەتلىك يۈرەككە ساداقەتمەن ئاشىنا كېلىدۇ.

باغرىڭغا مەن قېنىش ئۈچۈن ھەر خىيالنى بانا قىلىپ،
پېشانەڭنى سىلاپ سۆيۈپ كۆزلىرىڭنى شەھلا قىلىپ،
قەلەملىرىم زەپەر قۇچسا كۆكسىڭنى ئوت نىشان قىلىپ،
م. يۈسۈپنىڭ شېئىرلىرىدىن ساپ كۆڭۈلنى لازىم قىلىپ،
ئەجرىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك دەپ ئەل مېھرىدىن ۋاپا كېلىدۇ.

1992-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنى، قەشقەر.



[1] خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخي مىراسلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# تۇغۇلغان كۈنۈم

تۇغۇلغان كۈنۈمگە زۇمرەت بولۇپ دىلرەبا كېلىدۇ،
قونۇش ئۈچۈن بېشىمغا بەخت قۇشى ھوما كېلىدۇ،
مەڭگۈ سىزنىڭ بولاي دېگەن يېقىملىق بىر سادا كېلىدۇ،
خۇدا ماڭا ئاتا قىلغاچ ئۆمۈرلۈك بىر تۇتىيا كېلىدۇ،
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ دېگەن پاك قەلبىدىن دۇئا كېلىدۇ.

ئۆمۈر بويى تىنىماي ئىزدەپ تاپقان سەندەك بىر يارىغا،
يۈرەك باغرىم مېھرى ئوتى ياندى ئۆچمەس نىگارىغا،
كېچە-كۈندۈز سەن ئۈچۈنلا تەر تۆكۈپ گۈلزارىغا،
يەتتىم ئاخىر ساپ دىيانەت چىن مۇھەببەت دىيارىغا،
لېكىن قايغۇ، شادلىق بىلەن بىللە دېگەن سادا كېلىدۇ.

بۈگۈن قەتئىي قەدەم قويدۇم شەرەپ بىلەن ۋەتەنگە دەپ،
چېچەك ئېچىپ ئالمازارلىق ئىپار چاچسۇن دەۋرانغا دەپ،

تۇغۇلغان كۈنۈمنى گۈلزار قىلىپ كەت.
قەشقەردە بولسام ئۆلمەسمەن ئەسلا،
كۆتكەنلىرىمنى ئىجرا قىلىپ كەت.
چىن، راست مۇھەببەت بىرلا ئەقىدە،
بۇلغاچ ئۆزۈڭنى دانا قىلىپ كەت.
كۆڭلۈڭدە ھەرگىز داغ قالمىسۇنكى،
ۋىجدانىمىزنى ھەمراھ قىلىپ كەت.
ئالەمدە ئادەم بولسا سىپىنىڭچە،
نام-شۆھرىتىڭنى ساقلا، ئىلىپ كەت.
تۆھمەت، خۇشامەت بولسا ناۋادا،
ساداقىلىرىمگە ئۇقيا بولۇپ كەت.
چاڭجياڭ، تارىممۇ ئىلىمگە تەشنا،
«قۇتادغۇ بىلىك»نى ھەمراھ قىلىپ كەت.
ئالىم، يازغۇچى، شائىر مەدەتكار،
مۇقاملىرىڭنى ناۋا قىلىپ كەت.
مەقسەت-مۇرادىم ئەل يۇرتىمىزدا،
خەلقىمنى مەڭگۈ رازى قىلىپ كەت.

1992-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنى، قەشقەر.

# رازى قىلىپ كەت

كەلدىڭ، خۇشالمەن، پەرۋاز قىلىپ كەت،
باھار كۆڭلۈمنى سەن ياز قىلىپ كەت.
تۇغۇلغىنىمنى تەبرىكلىسەڭ گەر،
تەمبۇر، ساتارنى بىر ساز قىلىپ كەت.
ئۆمۈر سازىنى تەڭكەش قىلايلى،
ئويناپ ئۇسسۇلنى بىر ناز قىلىپ كەت.
ۋەدە قىلىشتا ئۇ پەقەت بىر سۆز،
راست سۆز قىلىشنى پەيدا قىلىپ كەت.
يالغان مۇھەببەت، يالغان پەزىلەت،
كىملەردە بولسا لەنەت ئوقۇپ كەت.
ئەستايىدىللىق ئۇلۇغ پەزىلەت،
بۇ خىسلەتنىڭنى بەرپا قىلىپ كەت.
ماڭا جان بەرگەن پەزىلىتىڭدۇر،
شۇڭا ئۆزۈڭنى شەيدا قىلىپ كەت.
بىچارە كۆڭلۈم كۈلسۇن ھەمىشە،

ئىلىم نۇرى نەگە بۇنچە چېچىلغانتى؟
مۇتەخەسسىس، مەشھۇر ئالىم بولدى داخىل،
كەيپىياتنى ئىزھار قىلىپ بولالماس تىل.
تەتقىقاتنىڭ يارقىن نۇرى چېچىلغاندا،
ئۇلۇغ ھەيكەل يوپۇقى ھەم ئېچىلغاندا؛
چۆمدى مەيدان خۇشاللىققا، تەنتەنىگە،
ھەممە قايىل بولدى مىراس، ئەنئەنىگە.
بۇ مىراسنىڭ قىممىتى چوڭ، بىباھادۇر،
ۋەتەن ئۈچۈن، دۇنيا ئۈچۈن تۇتىيادۇر.
توققۇز ئۆلكە ئالىملىرى بىر سەپ بولدى،
مىراس ئۈچۈن، ئىلىم ئۈچۈن چوڭ گەپ بولدى.
سۆزلەنگەچكە شانلىق بۈيۈك تارىخىمىز،
ئېپتىخارغا چۆمدۇق بۇندا بارلىقىمىز.
قاناتلاندى مۇقام ئەجداد شېئىرلىرىدىن،
خەۋەر بېرىپ تارىختىكى ئىزلىرىدىن.
مىراسلارنى قەدىرلىگەن ئۇلۇغ ئىنسان،
مەڭگۈ ئۆچمەس نامى قالغاي قۇچۇپ ئۇ شان.
ئۇيغۇر باتۇر، يۈزى يورۇق، ئۇلۇغ مىللەت،
ياراتقان ئۇ پارلاق، شانلىق مەدەنىيەت.

مەدەنىيەت مىراسىغا سالغاندا كۆز،
ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسى چوڭ، كەتمەيدۇ سۆز.
تارىخىڭنى ئۆگەنمەستىن قىلغان سۆزۈڭ،
چېنىپ قالار، ئەل ئالدىدا قالماس يۈزۈڭ.

# دېھقان ماموٗتنىڭ سۆزى

## (يەكەن يىغىنى توغرىسىدا)

### 1

قەشقەر خەلقى پەخىرلىنەر يەكەن بىلەن،
ئامانىنسا، قىدىرخان ھەم ۋەتەن بىلەن.
گۈلگە تولغان ياز پەسلىدە-قۇتلۇق ئايدا،
جەم بولۇشتۇق يەكەن دېگەن گۈزەل جايدا.
تەنتەنىلىك ئاچتۇق مۇقام يىغىنىنى،
ئىپتىخارلىق، شادلىق قاپلاپ دىل بېغىنى.
دېھقانلارمۇ، ئىشچىلارمۇ يايراپ كەتتى،
پىئونېرلار شېئىر ئوقۇپ سايراپ كەتتى.
مىللىتىمىز مىراسلىرى قېنىمىزدۇر،
ئەجدادىمىز بېرىپ كەتكەن جېنىمىزدۇر.
بۇنداق كاتتا يىغىن قاچان ئېچىلغانتى؟

بەدەنلەردىن قان توختىماي تامچىلىغان.
ياشلىرىمىز ئاققان ئىدى بولۇپ دەريا،
بەرمەس ئىدى يېيىشكىمۇ بىر تال گىيا.
خەنجەر ئىدى زالىملارنىڭ ھەربىر سۆزى،
ئويىلاتتى كەمبەغەلنىڭ چولپان كۆزى.
ئېسىلاتتى ئادەم قويدەك كانارىغا،
تېپىلمايتتى ھەتتا يەرلىك ياتارىغا.
جادۇلارغا بېسىلاتتى، كۆمۈلەتتى،
ئۇستىخانلار خۇددى تاغدەك دۆۋىلىنەتتى.
گومىنداڭلار جار سالاتتى: ”ھەي خالايىق،
ياۋاش بولۇش، زومىگەرلىك بىزگە تالىق...“
ئۇلار بىزگە چىل بۆرىدەك ئېتىلاتتى،
يىلىك شوراپ، قان ئىچەتتى، دوق قىلاتتى.
شەرىئەتنىڭ لالمىلىرى پەتىۋانى
توقۇپ كۇندە، كۆرسەتمىگەن نۇر-زىيانى.
زۇلمەت نەشتەر سانچىغاچقا مىڭ چاياندەك،
تويۇلاتتى جاھان بىزگە گۆر-زىنداندەك.
شۇم جۇدۇندا سولاشقاچقا تاغ گۈللىرى،
قايغۇ بىلەن سايرىشاتتى بۇلبۇللىرى.
ھەق سۆزلىسەك تىللىرىمىز كېسىلەتتى،
تۆھمەت بىلەن ئېگىز دارغا ئېسىلاتتى.
دېھقانلارنى كۆرمەس ئىدى تىين پۇلدەك،
يېتىمچىلار سېتىلاتتى خۇددى قۇلدەك.
ئاچ باللار نان تىلەيتتى بازارلاردا،

دېھقانلارمۇ شۇ مىراسنىڭ ۋەكىلىدۇر،
مامۇت ئاكا بۇنىڭ ئوبدان دەلىلىدۇر.
پاكت بىلەن قايىل قىلدى شائىرلارنى.
يىغىن ئەھلى—بارچە ئالىم، كادىرلارنى.
ئۇ سۆزلىدى مىراسلارنى قازىمىز دەپ،
ئۆتمۈشنىمۇ، ھازىرنىمۇ يازىمىز دەپ.

## 2

دېھقان مامۇت ئالدى قەغەز ھەم قەلەمنى،
تۆكتى يىغلاپ ئۆتمۈشتىكى دەرد-ئەلەمنى.
كونا زامان داغلىرىغا كۆز تاشلىدى،
كەمبەغەللەر ئېزىلگەن دەپ سۆز باشلىدى.
غەزەپ بىلەن بىر بەت ئاچتى شۇم زاماندىن،
يەم بولماستىن ئاشقان ئۇ چاغ كىم قاۋاندىن؟
كىمكى ئۆتمۈش-مۇدھىش كۈندىن يىرگەنمىسە،
ياكى سوراپ ئەسلەپ ئۇنى چۈشەنمىسە؛
ئۇنداق كىشى ئۆز خەلقىغە سادىق ئەمەس،
ئەل جەڭچىسى بولۇشقا ھەم لايىق ئەمەس.
ئۆتمۈشتە بىز تاپالمىغان بۇردا ناننى،
ئاچارچىلىق ئېلىپ كەتكەن مىليون جاننى.
مۇدھىش تۈندە ھايۋاندىنمۇ خار قۇل ئىدۇق،
نان ئورنىغا كۈندە يۈزمىڭ دەشنام يېدۇق.
زالىم بەگلەر ئۈستىمىزدىن قامچىلىغان،

ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزارمەن تامامىڭدىن.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

كەمبەغەل كىيسە كۇلاھىنى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس.»

ئۇيغۇر خەلقى تارىختا چوڭ تۆھپە قوشقان،
ئەجادىدىن تارىخ بېتى زەرگە توشقان.
ئېغىر كۈندە بىزگە يەنئەن بولدى يۆلەك،
ئۈمىدىمىز، ئارزۇيىمىز ئاچتى چېچەك.
چىن تيەنچىۋ ھەم ماۋ زېمىندەك ئالىي ئىنسان،
ساپ قېنىدا يازدى ئۆچمەس شانلىق داستان.
كۈلدى بەخت ئەمگەكچىلەر ئەۋلادىغا،
ئىشچى-دېھقان يەتتى بۈگۈن مۇرادىغا.
راھەت ئەسلا ئۆزى كەلمەس ھېچ جاپاسىز،
قۇربان بەرسەك شەرەپ كەلدى بىباھاسىز.
پاچاقلىنىپ زۇلمەت تۈننىڭ ئىشكەللىرى،

ماكان ئىزدەپ يۈرەر ئىدى مازارلاردا،
كوچىلاردا ئاچ-يالىڭاچ تەلمۈرۈپمۇ،
بىر پارچە نان تاپالمايتتى يالۋۇرۇپمۇ.
تاڭ ئاتقۇزغان تاش ئۈستىدە ياتقان پېتى،
قەھرىتاندا ئۆلگەن توڭلاپ قاتقان پېتى.
بۇ بالىلار يۇقۇملۇق دەپ سانىلاتتى،
ۋەھشىيلەرچە تىرىك كۆمۈپ تازىلىناتتى.
ئاز ئەمەسكى بۇنداق سانسىز قانلىق ئىزلار،
خارلىناتتى نارەسىدە يېتىم قىزلار.
مىليونلىغان كەمبەغەللەر خاك ئاستىدا،
ئازابلانغان قارا تۈتەك چاك ئاستىدا.
خاڭلارنىڭمۇ زىندانلاردىن پەرقى يوقتى،
ئىختىيارى چىقىپ كېتىش ئەركى يوقتى.
كۆرمىگەچكە ئايلاپ، يىللاپ يورۇقلۇقنى،
ھالسىزلانغان يېمىگەچكە ئوزۇقلۇقنى.
ئۆمرى ئۆتكەن قۇدۇقلارغا باغلانغانچە،
دەرد-ئەلەمدىن يۈرەكلىرى داغلانغانچە.
زىيالىيلار كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكىدىن،
قىدىرخانمۇ شۇ زاماننىڭ پەسلىكىدىن؛
ئوقۇغانتى مۇنداق ناخشا ئەلەم بىلەن
نەپرىتىنى يېزىپ ئۆتكۈر قەلەم بىلەن:

”كەچتىم مەن زامانىڭدىن.
ياخشى كىم يامانىڭدىن.

يەنە مەھمۇد قەشقىرىدەك تىلشۇناس بار،
تىلىمىزغا شۇ زات سالغان ئۇل-ئاساس بار.
ئىككى ئالىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىخارى،
كۆرەشلەردە زۇلپىقارى، تىل تۇمارى.
مول مىراسلار تۇرسا نېچۇن قازمايمىز بىز؟!
شۆھرىتىنى نېچۇن داڭلاپ يازمايمىز بىز؟!
ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسى چوڭ، ئۆچمەس ئەبەت،
يازمىلىرى دىلىمىزدىن كۆچمەس پەقەت.
پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئىنكاسى ئۇ،
پاراسەتنىڭ، ئىلمىيلىكنىڭ ئاساسى ئۇ.
بۇنداق بايلىق ئالەمدە يوق دېدى جاھان،
چەت ئەللىكلەر دۈپۈرلىشىپ كەلدى بۇيان.
يىپەك يولى داڭ چىقاردى مىراس بىلەن،
قىزىقىپ ھەم يېتىپ كەلدى لېكوك[1] دېگەن.
قولىيازما ھەم مىراسلارنى ئېلىپ كەتتى،
ئېلىپ كەتكەن ساندۇقلىرى مىڭغا يەتتى.
ئىشچى، دېھقان، زىيالىيلار چوغ يۈرەكتۇر،
مىراسلارنى قايتۇرۇۋېلىش زور تىلەكتۇر.

---

① چەت ئەللەر ئازادلىققا قەدەر بولغان يۈز يىل ئىچىدە شىنجاڭغا ئىككى يۈز ئاتمىش ئادەم قېتىم ئېكسپېدىتسىيە كۆرۈپپىلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭلىغان مەدەنىي يادىكارلىق، قولىيازما، مىراسلىرىمىزنى ئېلىپ كەتكەن. مەسىلەن: ئەنگلىيىلىك ستەيىن، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، فرانسىيىلىك پېللىئوت، ياپونىيىلىك ئوتانى كوزۇيى، ئامېرىكىلىق ۋارنېر، گېرمانىيىلىك لېكوك قاتارلىقلار. پەقەت لېكوكلا 532 ساندۇققا قاچىلانغان يادىكارلىق، مىراسلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

شوخ ياڭرىدى ھۆر زامانىنىڭ غەزەللىرى،
قايىل قىلىپ بۇ بۈيۈك ئىش يەر-خاھانىنى،
يېتىشتۈردى سانسىزلىغان قەھرىمانىنى.
ئاغدۇردۇق بىز قانلار كېچىپ ئۈچ چوڭ تاغنى،
قوغلىۋەتتۇق زار قاقشاتقان مۇدھىش چاغنى.
ئىشچى، دېھقان پارتىيىنى ياشا، دېدى.
قىلدى بىزگە چەكسىز بەخت ئاتا، دېدى.
ئىلىم-پەننى، ھۆر زاماننى يازار بولدۇق،
ئۇلۇغ، شانلىق مىراسلارنى قازار بولدۇق.
مۇقامىمىز بۇگۈن مەغرۇر باش كۆتۈردى.
ئارخېئولوگلار خەت يېزىلغان تاش كۆتۈردى[1].
ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى تونۇپ ئالەم،
تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى ھەربىر ئادەم.
مۇقامىمىز تاپتى قەدىر-قىممىتىنى،
ئاشۇردى ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىززىتىنى.

## 3

تارىختىكى مىراسلارنى ئۇلۇغ دەيتتۇق،
بۇ مىراسنى ئەمدى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق.
يۇسۇپ دېگەن ئۇيغۇر ئىكەن، ئۇلۇغ ئالىم،
ئەمگىكىنى قەدىرلەيمىز يادلاپ دائىم.

---

[1] 8-ئەسىردىكى ئابىدە تاش.

تەتقىق قىلماي گەپ ساتقاننى ئەپسانە بىل،
ئالىملارنىڭ ھېكمىتىنى دۇردانە بىل.
يىغىن ئەھلى بىلىملىك ھەم نادىر ئىكەن،
مۇھاكىمە قىزىپ كەتتى بەس-بەس بىلەن.
بۇ يىغىندىن كۆڭۈللەر زەپ يايراپ كەتتى،
زەرەپشاننىڭ بۇلبۇللىرى سايراپ كەتتى.
دېھقان مامۇت يىغىن ئۈچۈن يوللاپ ئىنئام،
يۈرەكتىكى چىن سۆزىنى قىلدى تامام.

1992-يىل ئاۋغۇست، يەكەن.



ئەجنەبىيلەر كۆپ يازسىمۇ بىزنىڭ ئەمەس،
بىز يازمىساق ئۆزىمىزنى خورلاشتۇر، بەس.
ئۇنىڭلىغان تەتقىقاتچى قەلەم ئالسۇن،
قەيسەرانە روھىمىزدىن ھاڭ-تاڭ قالسۇن.
ئالىملارنىڭ بىرلىكىدە گۆھەر ياتار،
مىڭلاپ كىتاب نەشر قىلساق مەشئەل يانار.
مىللەتلەرنىڭ مىللەت بولۇش ئەۋزەللىكى.
ئۇنىڭ بىرى مىراسىنىڭ گۈزەللىكى.
بۇ گۈزەللىك ھەر مىللەتنىڭ گۈل تاجىسى،
مەدەنىيەت مەرىپەتنىڭ ھەم بازىسى.
مىراسلارنى تەتقىق قىلىش بۇرچىمىزدۇر،
ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشى كۈچىمىزدۇر.
ئەۋلادىمىز خۇشال بولسۇن نامىمىزدىن،
پەخىرلەنسۇن ئۆلمەس ئەسەر—شانىمىزدىن.
بارچە ئالىم بايلىقىمىز، چىراغىمىز،
تەتقىقاتتىن بەھرى ئالسۇن دىماغىمىز.
كىتابى يوق مېۋە بەرمەس دەرەخ گويا،
مېۋىسىزنى تونۇمايدۇ پۈتۈن دۇنيا.
نادانلىقتىن بىزار بولغان ئادەمگە باق،
ئىلىم ئەھلى بولاي دېسەڭ ئالەمگە باق.
بىلىملىكنىڭ ئىزلىرىدىن قالار نىشان،
قەترىسىدىن نەپ ئالىدۇ ھەربىر ئىنسان.
مەرىپەتكە يول ئېچىلدى ئەجەپ داغدام،
بىلىم بىلەن نۇرلانغۇسى دىلار تامام.

ۋەتەن ئەھلى مىراسلاردىن خالىي بولۇپ ئۆتمىگەچكە،
قەدىرلەپ مەڭگۇ تۆھپەڭنى ئۇلۇغ يۈسۈپ ئاتا دەيدۇ.

1992-يىل 10-ئاي، قەشقەر.

# ئۇلۇغ ئاتا

غۇرۇرلۇق بولمىساڭ ئەسلا سىنى كىم دىلرەبا دەيدۇ،
ھەسەتخور دامىغا چۈشكەن نادانغا مۇپتىلا دەيدۇ.

ئىلىم-ئىرپان مىراسلارنى ئىلىم بىلمەي ئۆتۈۋەرسەڭ،
سىنى ئەجداد كوچىسىدا خار ئەيلىگەن گاداي دەيدۇ.

دەۋرىمىز بەرگەچ پاناھ مىراسلارغا جان كۆيدۈرۈپ،
تارىخ ئۈچۈن ئىز قالدۇرساق ئەل سىنى تۇتىيا دەيدۇ.

ئەسىرلەرگە ئەسىر ئۇلاپ زامانلاردىن ئېلىپ كەلگەچ،
مىراسلارنىڭ مىراسىنى ۋەتەنگە گۈل-گىياھ دەيدۇ.

ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىردىمۇ شۇ مەرىپەت ئوخشاش ئۇلۇغ،
شۇڭا ئالىم—بىلىم ئەھلى ئىجادكارنى پېشىۋا دەيدۇ.

پەنگە قارشى زىيانكەشلەر ئاخىر بىرىپ زاۋال تاپتى،
نادان چاغنى ئەسلىگەندە باسالمايمەن پىغانىمنى.

مۇقام ئەھلى ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلدى چىۋەرلىكتە،
باركاللا دېدى خەلقىم شانلىق، توغرا رەھبەرلىككە،
قەسەم بىرىپ ھەممە مىللەت ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىككە،
يېتىمىز دەپ پەننىڭ ئالىي پەللىسىگە، يۈكسەكلىككە،
شۇڭا مەنمۇ بېغىشلايمەن، مۇقام ئەھلىگە بۇ داستانىمنى.

1992-يىل 8-ئاي، يەكەن.



# مۇقام ئەھلىگە

ئەي مۇقام بۇلبۇللىرى يايراپ كۈيلە دىيارىمنى،
سائادەتلىك بىر گۈلىستان خۇش ناۋالىق باھارىمنى،
ساڭا ئىلھام-مەدەت بەرگەن نۇرغا تولغان دەۋرانىمنى،
شانلىق تارىخ مۇقامىمنىڭ مەشئىلى بۇ ماكانىمنى،
كېچە-كۈندۈز مەدھىيىلىسەڭ ئەرزىيدۇ بۇ زامانىمنى.

ئىنسانىيەت ئالىمىدە تەر تۆكمىسەڭ ھالاۋەت يوق،
تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، جەڭ قىلىشتەك سائادەت يوق،
ئىش ئەمەلسىز قۇرۇق گەپتىن ھېچقاچاندا تاپاۋەت يوق،
ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلماي، ھەق ئىزدىسەڭ ئادالەت يوق،
ئىچىپ مۇقام شارابىدىن، باسسام دەيمەن خۇمارىمنى.

مۇقام ئەھلى مۇقام بىلەن جاھانشۇمۇل ئامال تاپتى،
پايانسىز بۇ كەڭرى ئالەم ئىلىم-پەندىن كامال تاپتى،
بىلىمسىزلىك خېلى ئۇزۇن بىزنى شۇنچە ۋابال تاپتى،

# ھالال مېھنەت شەرەپ مەڭگۈ

نېمە ئۈچۈن بەزى چاغدا يول قويىسەن خاتاغا سەن،
دەرد-ئەلەمگە جازا يوق دەپ سادىق بەندە داناغا سەن،
پەرۋانىسىز چىراغ بولۇپ مەڭگۈ يانغان بەرناغا سەن،
تاشلاپ قويما ئۆز ئۆزۈڭنى مېھنەت قىلماي جاپاغا سەن.

مۇھەببەتتىن ۋاپا ئىزدەپ، تەر تۆكۈشنى جاپا كۆرمە،
پېشانەڭگە يېزىلغاندىن بۆلەكنى بىۋاپا كۆرمە،
ۋاپاسىزنىڭ داۋاسىنى دەردىڭ ئۈچۈن داۋا كۆرمە،
ھالال مېھنەت شەرەپ مەڭگۈ، ھورۇنلۇقنى راۋا كۆرمە.

جاپاكەشتىن نىگار چىقتى خالايىقمۇ دۇئا ئەيلەپ،
ساما يۇلتۇزلىرى شاھىد بولۇپ دىلغا ۋاپا ئەيلەپ،
شۇڭا بۇ مەڭگۈلۈك تويدىن قەلەمكەشلەر پاناھ ئەيلەپ،
مۇقام ئاشىقلىرى كۈلدى بەخت تاپقاچ ناۋا ئەيلەپ.

# گۈل چىرايلىق

يۇرتۇم سېنىڭ گۈل چىرايلىق مېنى ساڭا ئاشىنا قىلدى،
ئۆتمۈشتىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىگە مۇبتىلا قىلدى.

ئوقۇپ بىلىپ ئەقىل تاپقان شۇ كۈندىكى گۈل چىرايلىق.
ئازاب چەككەن كۆڭۈللىرىمنى ۋۇجۇدۇمدىن جۇدا قىلدى.

شۇم پەلەكنىڭ رەھىمسىزلىك ھەسرىتىدىن جاپا چەككەن،
روھى ئازاب گىردابىدىن قوتۇلدۇرۇپ شىپا قىلدى.

پاساھەتلىك تىللار بىلەن شۈكۈر ئىبىتسام تىنچى ئازدۇر،
لېكىن سەندىن مەڭگۈ كۈتكەن پىراقىمغا داۋا قىلدى.

چىن مۇھەببەت مەڭگۈ بولسا دېگەن ئارمان پىغانىمنى،
گۈل چىرايلىق مېھرى شەپقەت يوللاش بىلەن ئادا قىلدى.

1992-يىل 3-ئاي، ئۈرۈمچى.

# نېمە قىلاتتىم

ۋەدە قىلىشقان ئىدۇق بىز ۋاپا ئالدىدا،
چەكسەكمۇ مەيلى رىيازەت جاپا ئالدىدا.
بۇنىڭدىن تىرىلگەچ مىراس ئىشقى،
ۋاپاسىزلىق قىلماسمىز مىللەت ئالدىدا.

* * *

نېمە قىلاتتىم زەخمىكى يوق چاالىمىغان راۋابىڭنى،
نېمە قىلاتتىم پەزىلىتى يوق گۈزەل ئۇ جامالىڭنى.
نېمە قىلاتتىم جەننەتۇل مەئۋاسى يوق مازارىڭنى،
نېمە قىلاتتىم ئەجىر قىلماي دۇئا قىلغان ساۋابىڭنى.
نېمە قىلاتتىم ئىلىم ئۇچۇن ئېچىلمىغان ئۇ باھارىڭنى،
قەدىرلەيمەن ئىلىم پەنگە قۇچاق ئاچقان جاھانىڭنى.

1996-يىل 10-ئاي، ئۈرۈمچى.

ئەل-يۇرتىمىز ساداسىدىن مېھرى ئوتى يانغان ئىدى،
ئاسمان پەرىدەك چەرخ ئۇرۇپ باغرىم كۆلۈپ قانغان ئىدى،
ئۇلۇغ غايە، ئۇلۇغ مەخسەت مەن ئۈچۈن بىر جەريان ئىدى،
سەن ئۇنى بىلسەڭ ئەگەر بەختىڭ ئۈچۈن دەۋران ئىدى.

سەن بىلىم بىلسەڭ بولاتتى بىلمىگەن ھاتەم ئەمەس،
چىن مۇھەببەتتىن ئاداشتۇرغان ئادەم ئادەم ئەمەس،
ئابى زەمزەم تەڭلىسەڭمۇ ئۇ ساڭا ياردەم ئەمەس،
تۆھپىكار بولماي كېتىپ قالساڭ ساڭا ماتەم ئەمەس.

پەزىلەتلىك گۈزەل ھۆسنۈڭ ئەقىل تاپسۇن دالالەتتىن،
سېنى مەڭگۈ ئاتا قىلغاچ خۇدا ساقلار مالامەتتىن،
جاپا چەككەن جاپاكەشتەك مەدەت ئالساڭ سائادەتتىن،
مۇقام ئەھلى بەخت تاپقاي ھالال مېھنەت ھالاۋەتتىن.

1992-يىل 12-ئاي، ئۈرۈمچى.



# چىن ۋاپادار بولارسەنمۇ

”مېھرى ۋاپاسى يوق كىشى مىلك
قۇياش بولسىمۇ ئۇنىڭدىن نېمە پايدا.“
—لۇتفى.

تۇرنىمىز ئۇچقان كۇنى كۆڭلۈمگە نىشان ئايان بولدى،
زۇمرەتتەك قاناتىدىن شۇ پەزىلەت بايان بولدى.
قاغا-قۇزغۇن رەزىللىكتىن ھەيۋە قىلىپ نەپ ئالالماس،
تۇرنىمىزنىڭ پاكلىقىدىن ئاسمان ئاڭا ماكان بولدى.

پاياندار سىلىپ ئۈزىتىمەن تۇرنىمىز ئامان بولسۇن،
ئۇلۇغ غايە نىشانىمىز بىردەك بولغان زامان بولسۇن.
چىن ۋاپاداردىن بولاي دەپ قىلغاچ قەسەم تاڭ ئالدىدا،
بەخت تاپقاي شۇ ئائىلە، رىيائىللىقتەك ھامان بولسۇن.

ئۆمرۈم ئۆتتى رىيازەتتە بىر ۋاپادار جانانىنى ئىزدەپ،

## تاك قىزى

قىزلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاتىدۇق ساپ يۈرەك-جانلارنى،
مەڭگۈ چاچىمىز يولىغا سائادەتلىك ئەمبەر، مارجانلارنى،
ئانا سۈتىنىڭ ئوغۇزلىرى بەرگەچ ئەقىل، ۋىجدانلارنى،
ئالار پەننىڭ بولاقلىرىدىن دوكتور دېگەن ئۇنۋانلارنى.
ئەجداد بىرلە مىللەت ئۈچۈن قۇچار شەرەپ ۋە شانلارنى.

1996-يىل 12-ئاي، ئۈرۈمچى.



ئۆلمەسمەن.

سابادىن بىر سادا كەلدى ساداقەت بىرلە يۈرگەي دەپ،
ۋاپاسىز دىلرەبايىڭدىن ئۆزۈڭنى ئالىي بىلگەي دەپ.
ساداقەت مېھرىدىن بىر كۈن تۆرەلسە بىر قىران چولپان،
يازارسەن ئابىتابىڭنى گۈزەل مەڭگۈنى سۆيگەي دەپ.

غايىمىزگە ئەگىشىپ ماڭغان ئىدىڭ مەردانىدەك،
جۇش ئۇرۇپ پەرۋاز قىلىپ يالقۇن كەبى پەرۋانىدەك.
غەپلەت بىلەن ئۆتكەن كۈنۈڭ ئۆتسۇنكى ئۇ بىر چۈش بولۇپ،
قايتا كەل بىللە ماڭايلى تۆھپە قوش دۇردانىدەك.

ئويلىماي قىلغان ھەۋەستىن ئۆمرۈڭ ئۆتەركەن شۇنچە تىز،
مەنىسىز ئۆتكەن كۈنۈڭمۇ ياز ئەمەس ئۇ بارۇ كۈز.
سەنكى زۇمرەت قەلبىدەك ئۆتسەڭ ئەگەر شائىر بىلەن،
شۇ ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن تەڭ قالدۇرارمىز بىللە ئىز.

گۈزەل مەڭگۈگە يار بولماق ئۈچۈن كەيگەن كۈلاھىم بار،
پېشانەمگە پۈتۈلگەچكە سېنى تاپقان گۇناھىم بار.
قەيەردىن ئىزدىسەڭ مەيلى ساڭا مەندەك ناتىۋان بولماس،
كېزىپ تارىمدا قالسامۇ كۆڭۈللۈك بارىگاھىم بار.

سەنكى زۇمرەت بولمىغاچ ئەسلا ماڭا قايىل ئەمەس،
جاپا دەشتىنى كۆپ كەزگەن بىچارىغا مايىل ئەمەس.

ئادىمىدىن راست ئادەمنى پەرق ئېتەر دەپ جاھاننى ئىزدەپ.
تاپتىم ئاخىر تاپمىغاندەك ھەيران بولۇپ تۇمان ئىچرە،
يۈرۈپتىمەن نادانلارچە ئۆزۈمگە ئوخشاش نادانىنى ئىزدەپ.

زۇمرەت قەلبىدىن چەتنەپ كىملەرگە يار بولساڭمۇ بول،
گۈزەل ھۆسنۈڭنى خار ئەيلەپ نامەردكە ئەسرار بولساڭمۇ
بول.
كۆيۈپ كۈل بولسامۇ مەيلىتى ئىلاجىم قالمىدى ئەسلا،
مېنىڭدەك بىر ۋاپادارنى تاپالماي زار بولساڭمۇ بول.

ۋاپاسىزدىن ۋاپا ئىزدەپ بىھۇدە زەر تاما قىلما،
ئۇنىڭ قەلبىدە سەن يوقكى دىلىڭنى كۆپ يارا قىلما.
تىكەنسىز گۈل ئىدى شۇ چاغ قونۇپتۇ قەلبىگە بىر داغ،
تىكەنسىز بولمىغان گۈلمۇ، م. يۈسۈپ سەن خاپا بولما.

غايىنى ئۇتتەك كۆرۈپ كۆيگەن كەبى پەرۋانىمەن،
مەڭگۈلۈك بولماي دېسەڭمۇ سەن ئۇچۇن دىۋانىمەن.
ئارزۇ ئارمان بىلەن چۆل دەشتىدە يۈرسەممۇ مەن،
بولمىساڭمۇ مەن ئۇچۇن گەر غايەم ئۇلۇغ شاھانىمەن.

رىيازەتتە تاۋلىنىپ ئۈسكەچ جاپا كۈلپەتتە كۆيمەسمەن،
كۆسەي بولسامۇ ھالسىزلاپ بۆلەكنى مەڭگۈ سۆيمەسمەن.
ئاناڭ بەرگەن ئىدى ئاق سۈت ئوغۇز تەمى بىلەن ۋىجدان،
بۇ ۋىجداندىن يول تاپار بولساڭ سېنىڭسىز مەڭگۈ

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە

يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرى

مەيلى كۆل پەرۋاز قىلىپ قايىل ئەمەس بولساڭ ئەگەر،
مەڭگۈلۈك بەختىڭنى ئويلا ئويلاشتا سەن دادىل ئەمەس.

بولار ئەمدى ئەقىل تاپساڭ سېنىڭدىن بىگۇماندۇرمەن،
ساداقەتمەن بولۇپ ئۆتسەڭ ھەمىشە مېھرىباندۇرمەن.
قوشۇلسا ئالىي ئىنسانىنىڭ يۈرەك باغرىدىكى ئاتەش،
ئېرىپ مۇزلار ئاقار مەڭگۈ، ئۈمۈرلۈك شادىماندۇرمەن.

نەدە بولساڭمۇ تىلەيمەن بەختىڭ ئۈچۈن تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن سېنىڭ ئۈچۈن تۇرۇلگەن بۇ بىلەكلەرنى.
مەردلىك بىلەن قايىل بولۇپ تاشلىساڭ گەر ھەۋەسلەرنى،
كۆرسىتەرمىز خالايىققا قوشۇلغان بۇ ساپ يۈرەكلەرنى.

لۇتفىنىڭ روھى مۇقەددەس، لۇتفىڭنى ئازار ئەتمەگىل،
بولساڭكى زۇمرەت قەلبىچە نامەردگە پەرياد ئەتمەگىل.
جەبرىدىن قورقماي جاسارەت بىرلە ئۆتكەن بىر كۈنۈڭ،
تارىختا شۆھرەت تاپقۇسى ئۆمرۈڭنى بەربات ئەتمەگىل.

قەسەم بىلەن مەشئەل بولۇپ قىزىل چوغدەك يانارسەنمۇ،
ئىپارگۈلدىن چەمبەر تىزىپ قەبرەم بېشىغا بارارسەنمۇ.
ئەجدادىمىز ئېلىپ كەلگەن بىلىملەردىن مۇنار سالدۇق،
بىلىم ئەھلى خوش بولغىدەك چىن ۋاپادار بولارسەنمۇ.

1996-يىل 3-ئاي، ئۈرۈمچى.

# بىرىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: ئالىي ياسالغان ئۆي. كۆرۈنەرلىك جايدا تەمبۇر بىلەن دۇتار.

باتۇر، ھامىت، بوستان، ئادىل قاتارلىقلار قىزغىن سۆزلىشىۋاتقان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ.

ئادىل: باتۇر، سېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىڭ نېمە؟

باتۇر: ۋەتىنىم، خەلقىم! ئىنسان بالىسىغا ئەڭ زۆرۈر بولغان ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، باراۋەرلىكنى ياخشى كۆرىمەن. قان بەدىلىگە كەلگەن 11 ماددىلىق بىتىمنى چىن قەلبىم بىلەن ھىمايە قىلىمەن ۋە ئۇنى سۆيىمەن.

ھامىت: ئەلۋەتتە ھەممىمىز ۋەتەن بالىسى بولغاندىن كېيىن، مەقسەت شۇ، ھېلىقىدەك ئادەملەرنى دەۋاتىمەن.

باتۇر: ھېلىقىدەك دېگىنىڭ كىم ئۇ؟ مەنمۇ؟ ۋىجدانلىق، ھەقىقىي كۆڭۈل، قايتماس ئىرادىلىك، ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن جان بېرىدىغان، پۇلغا، مەنسەپكە ئالدانمايدىغان، دىيانەتلىك ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن.

ھامىت: ئادىل قۇرۇق سۆلەت، قاپاق سائەت، بىكار تەلەپ، كەم ئىشتەي، نان قېپى ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدىغۇ دەيمەن (كۈلكە).

ئادىل: سەنچۇ؟ پۇل، مەنسەپ دېسە ۋىجداننى ساتىدى-

# جەنۇبتا زىندان

(دراما)

## قاتناشقۇچىلار:

| | | |
|---|---|---|
| توختەمكا | 45 ياش | دادا |
| ئامىنە | 38 ياش | ئانا |
| باتۇر | 20 ياش | ئوغلى |
| بوستان | 15 ياش | قىزى |
| پاتەم | 8 ياش | قىزى |

گۇندىپاي، دورغىلار، ياش-قېرى مەھبۇسلار.

داۋانچىڭنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتكىنى يوق. خەلقىمىز يەنە زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىۋاتماقتا.

زەپەر: مانا قاراڭلار (قويىنىدىن بىتتىم قەغىزىنى ئېلىپ) ئون بىر ماددىلىق بىتىمدە: سۆزدە، يىغىلىشتا، ئويۇشۇشتا، مەتبۇئاتتا ئەركىنلىك دەپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلدۇرمايۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن چىدىماسلىق! ئەركىنلىك ئۈچۈن سۆزلىسەك تەتۈر تەشۋىق قىلدىڭ دىسە، گېزىت چىقارساق بۇزغۇنچى دىسە، مەجلىس ئاچساق ياكى ئۈچ-تۆت كىشى بىر يەردە ئولتۇرساق تەشكىلات قۇردۇڭ دىسە، قاماۋاتسا، قىيناۋاتسا!

ئادىل: خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-سېلىقلار كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاشماقتا. سان ساناقسىز كىشىلەر يەر-زېمىن، ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران، قەلەندەر بولۇپ كەتتى.

ھامىت: ھەممە بۇلاڭچىلىقنى ئۆزى قىلىپ تۇرۇپ، خەلقىمىزنى ئوغرى-بۇلاڭچى دېيىشىدۇ تېخى!

زەپەر: بۇنداقمۇ بولىۋەرمەس، تەقدىرمۇ ئۇرماس، كۆرەشچان خەلقىم قاراپمۇ تۇرماس، خەير ئاغىنىلەر، بىز قايتايلى.

باتۇر: بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرمايمىزمۇ؟

ھەممىسى: رەھمەت، ئامان بولۇڭ، قايتايلى (باتۇر ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ سەھنە ئالدىغا كېلىدۇ).

باتۇر: ئاھ ۋەتىنىم، ئەجەب كۈنلەر ئۆتتى بېشىڭدىن،

غان، ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق ئادەملەرنى ياخشى كۆرسەڭغۇ (كۈلكە).

**باتۇر:** بولدى قويۇڭلار ئاغىنىلەر، بۇنداق پاراڭلارنى قىلماي ناخشا ئېيتىپ كۆڭۈل ئاچايلى.

**زەپەر:** بولىدۇ، ئۆزۈڭ باشلاپ بەر ئەمىسە!

**ھامىت:** (تەمبۇرنى تۇتقۇزۇپ) باتۇر، باشلا، دۇتارىم ساڭا جور بولسۇن (دۇتار پەدىلىرىنى تۈزەشتۈ-رىدۇ).

بولىدۇ، ھەممەيلەن بىللە ئوقۇيلى.

**باتۇر:** ناخشا:

بۇ ۋەتەندە شاد ئوينايمىز بىز ياشلار،
يۈرەكلەردە داغ قويمايمىز بىز ياشلار.
ياشلىق ۋاقىت غەنىمەتتۇر، قىممەتتۇر،
ئەھدىمىزنى ئورۇندايمىز بىز ياشلار.
كۈرەش بىلەن قولغا كەلگەن "بېتىم"نى،
كۈرەش بىلەن تەڭ قوغدايمىز بىز ياشلار.
ئويغىنىپ بىز نەزەر سالدۇق ئالەمگە،
ئەمدى ھەرگىز ئۇخلىمايمىز بىز ياشلار.

**باتۇر:** ئاغىنىلەر، ساناقسىز ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىز ۋە ئەزىز بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە "ئون بىر ماددىلىق بېتىم" تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك دېگەن نەرسە

باتۇر: (پاتەمنىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلايدۇ)

بوستان: (ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ كېلىدۇ)، ئاكا، دادامدىن كەلگەن خەت ئوخشىمامدۇ؟ ماڭا بەرسىڭىز ئاپامنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ ئوقۇپ بېرەي.

باتۇر: مانا ئۇكام، ئاپىڭىزنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ ئوقۇپ بېرىڭ، مەن ئادىللارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي (تاشقىرىغا چىقىپ كېتىدۇ).

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: نامراتراق ئائىلىنىڭ ئۆيى.

بوستان: (قول ياغلىققا گۈل چېكىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ.)

تۇن ئالماشتى سەھەرگە،
تەشنا بولدۇم خەۋەرگە.
جېنىم ئاتا، مەن باراي،
سېنى ئىزلەپ قەيەرگە؟

بۈگۈن سېنى چۈشۈمدە،

ئېقىن دەريا بولدى ھاسىل قانلىق يېشىڭدىن. تەڭ-
رىتاغنىڭ مەدەنلىرى قازسا تۈگەرمۇ؟ ئىچىڭدىكى
دەرد-ئەلەملەر يازسا تۈگەرمۇ؟ (تەمبۇر چېلىپ
ناخشا ئوقۇيدۇ).

ناخشا:

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئەھۋالنى بىلىپ بولماس.
زالىملار ئۇرۇپ يۇرسە،
قاراپ ياتقىلى بولماس.

ئەجەب كەلمىدى بىزگە،
بەختلىك يورۇق كۈنلەر.
ئاخىرى بىر كۈن تۈگەر،
مۇستەبىت قارا تۈنلەر.

ۋەتەن، خەلقىم ئۈستىدە،
زۇلۇم-كۈلپەت بەك تولا.
مۇستەبىتلەر-زالىملار،
گۇمران بولار، گۇم بولار.

پاتەم: (تاشقىرىدىن بىر خەتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ) ئاكا،
ماۋۇ خەتنى بىر كىشى بېرىپ كەتتى.

مىلاڭ تەڭگىدىن ئارتۇق پۇل تۆلىدىم. ئەگەر دا-
داڭ پاتراق يېتىپ كەلمىسە، بىزدە بىرەر تىجا-
رەت بولمىغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئۆي-سەرەمجان-
لاردىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز.

**بوستان:** قاراڭ ئاپا، يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ياغاچچى تۇر-
دى خەلپىتىم بارغۇ؟

**ئامىنە:** ھە. . . ھە. . . بالام. . .

**بوستان:** بۇ دۇنيادا بۇ ئادەمنىڭ ئارانلىقتا بىر ئېتى بار
ئىكەن. بەگلەر كېلىپ ساڭا بىر ئات ئالۋاڭ
كەلدى، دەپ بۇ بىچارىگە زورلۇق قىلىپ ئېتىنى
تارتىۋاپتۇ. ئۇ ئاتنى ئۆزى مىنىپ يۈرۈپتۇ. بۇ
بىچارە سوتقا ئەرز قىلغىلى بارسا، ئۇنىڭ ھالىغا
يەتمەستىن، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن
بىر كىشلىك ئالۋاڭنى تۆلەشكە قورسىقىڭ ئاغ-
رىپ تەتۈر تەشۋىق قىلىپ يۈرۈپسەن، دەپ
سولاپ قويۇپتۇ.

**ئامىنە:** ۋاي خۇدايىم. . . ۋاي خۇدايىم. . .

**بوستان:** ئاپا، سىز ئاخشام ھېلىمىخان ئاچامنىڭ ئۆيىگە
كىرىپ كەتكەن ۋاقتىدا ئاكام ئوچاق ئالدىدا گې-
زىت كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، يۇرتىمىزدا بولۇۋاتقان
ناھەقچىلىكلەرگە، بىگۇناھ تۈرمىدە ياتقان قې-
رىنداشلارغا ئېچىنىپ يىغلاپ كەتتى.

**ئامىنە:** ۋاي قىزىم، ھاشىخاننىڭ بالىسىمۇ سولاقتا،
بۇ بىچارە خوتۇننىڭ بىر كۆزى ياش، بىر كۆ-

كۆردۈم مېھرىبان ئاتا.
تۆھمەت قىلىپ زالىملار،
كۈندە سالدى مىڭ جاپا.

زومىگەرلەر دەردلىرى،
كۆڭلىمىزدە ساناقلىق.
سانساناقسىز پاك ئىنسان،
زىندانلاردا قاماقلىق.

ئامىنە: (ئاستا ئۆيگە كىرىپ بوستاننىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناخشا تىڭشايدۇ) بالام، داداڭنى، بىچارە خەلقلەر- نى، قاماقلىق ئەپەندىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئەجەبمۇ چىرايلىق ناخشىغا قوشۇۋاپسەن؟

بوستان: نېمە ئۈچۈن ناخشا ئېيتماي، نېمە ئۈچۈن قوشاق- لارغا قوشماي، نېمە ئۈچۈن زارلىماي، نېمە ئۈ- چۈن ئاھ ئۇرماي!

ئامىنە: ۋاي بالام، ئاكاڭ، ئا. . . ئۇ كۈنى مەجلىس ئاچ- تۇق، ۋەز ئېيتتۇق، گېزىت چىقىرىمىز دەۋات- قان. يەنە بىر ئىش يېتىپ قالمىسۇن.

بوستان: خۇدا ساقلا! چېقىمچىلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر.

ئامىنە: بالام، داداڭ غۇلجىغا كەتكىلى ساق ئۈچ يىل بولدى. ئالۋاڭ-ياساق كۈندىن كۈنگە ئاۋۇپ كەت- كىلى تۇردى. مۇشۇ يېقىننىڭ بۇياقىدا 200

ئامىنە: بالام ئاشخانىدىكى تەڭلىدە قاتلىما نان بار، ئې-
لىپ يەڭ (ئۇ بىر پارچە قاتلىما ناننى ئېلىپ
چىقىدۇ).

ئامىنە: بالام، ھاشخاننىڭ ئۆيگە چىقىپ بىر دەم ئول-
تۇرۇپ كىرەي. ھاشىخانىنىڭ بالىسى سولا-
قتا ئەمەسمۇ.

پاتەم: (ئالدىراش كىرىدۇ) دادام كەلدى! دا-
دام!..

بوستان: ۋاي، دادام كەپتۇ، ئاپا! (قوچاقلايدۇ)

ئامىنە: بول، قىزىم، ئۆينى تۇزەشتۇرۇۋېتەيلى (ئۆي
يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە). بوستان بىلەن پا-
تەم تاشقىرىغا چىقىپ كېتىدۇ، (بوستان بىر
خورجۇننى كۆتۈرۈپ، پاتەم دادىسىنىڭ چاپىنى-
نى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ).

توختەمكا: ھە.. بالىلىرىم، ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ مەن
سىلەرنى بەك سېغىندىم.

بوستان: دادا، سېغىنغان ئادەم چاپسانراق كەلسىڭىز بول-
مامدۇ؟ يولىڭىزغا قاراپ كۆزىمىز تېشى-
لىپ كېتەي دېدى.

توختەمكا: مەيەرگە كەل، بالام، قىزىم، ساڭا ئوبدان نەر-
سىلەرنى ئەپكەلدىم (خورجۇننى ئېچىپ بىر دانە
گاز ياغلىق ئېلىپ بېرىدۇ. بوستان بىر ئاز
دومسىيىشقا باشلايدۇ).

توختەمكا: كەل قىزىم، بوستان، ساڭا ئالاھىدە ئېلىپ

زى قان، ماڭغىنى يول ئەمەس، يېگىنى ئاش ئەمەس.

**بوستان:** دادام بالدۇرراق كەلسە ئاكامنى بىر يەرگە يولغا سالساق بولاتتى.

**ئامىنە:** داداڭغا يەنە بىر خەت يېزىپ باقايلى!

**بوستان:** قاراڭ، ئاپا، بۈگۈن كۆرگەن چۈشۈمدە بىر باغنىڭ ئىچىدە ئولتۇرسام، بىرقانچە بۆرە كې-لىپ مېنى قوغلىدى. مەن قېچىپ ئېگىز دە-رەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. يەنە ئۇ بۆرىلەر دەرەخقە ياماشقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پەس-كە قارىسام، بىر چوڭ كۆلدە سۈپسۈزۈك سۇ، سۇغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. بىر ۋاقىتتىن كې-يىن دادام بېشىغا ئاپئاق مالخاي كىيگەن، قو-لىدا يوغان قىلىچنى تۇتقان هالدا باغقا كىرىپ هېلىقى بۆرىلەرنى سۈرۈپ يۈرۈپ ئۆلتۈردى. شۇندىن كېيىن مېنىڭ قولۇمغا بىر تۇتام گۈل تۇتقۇزۇپ قويدى. هېلىقى گۈلنى تازا قاتتىق پۇراپ ئويغىنىپ كەتتىم.

**ئامىنە:** ۋاي قىزىم، بەختىڭ ئېچىلىپ، دۈشمىنىڭ يوقىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئاق بۆك دېگەن ئاق يول، داداڭ پات-يېقىندا كېلىدىغان ئوخشاي-دۇ. چۈشۈڭ چۈش بولسۇن، داداڭغا يار بول-سۇن.

**پاتەم:** ئاپا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

تىم مەجلىسلەرگە قاتناشتىم. بولۇنغان ۋەزى-
لەرنى ناھايىتى ياخشى ئاڭلىدىم، بىز خەلقلەرمۇ
مۇشۇنچىلىك ھوقۇققا يېتىشىدىكەنمىز. بۇندىن
كېيىن يۇرتىمىز ناھايىتى ياخشى بولۇپ كېتىدى-
غان ئوخشايدۇ. بالام، ساڭا بىرقانچە يېڭى كى-
تاب ئالغاچ كەلدىم.

باتۇر: ناھايىتى ئوبدان قىپلا، دادا، جەڭچىلەرنى، پار-
تىزانلارنى كۆرگەنلا، ياشلار مۇشۇ كۈندە گې-
زىت-ژۇرناللارنى ئوقۇشقا تەشنا بولۇپ كەتتۇق.

ئامىنە: بالام، داداڭلا ھېرىپ كەلگەندە ئۇسساپ قالغان-
دۇ، چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىڭلار!
(باتۇر دادىسىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ.
ئولتۇرۇشۇپ چاي ئىچىشكە باشلايدۇ. ئامىنە
خورجۇن-قاچىنى ئىچكىرى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ
كېتىدۇ.)

پەردە چۈشىدۇ.

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: ئۆزگەرمەيدۇ. ئائىلە بىساتلىرى جەھەتتە ئاۋۋال-
قىغا قارىغاندا، نامراتلاشقانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.
بوستان ئىچكىرى ئۆيدىن ناخشا ئېيتىپ سەھنىگە
كىرىپ كېلىدۇ.

كەلگەن نەرسەم بار (ئىككى دانە كىتاب، بىر دانە گىجىمە ئېلىپ بېرىدۇ).

ئامىنە: چوڭلارغا ھېچنېمە يوق ئىكەن-دە؟

توختەمكا: مەن كەلدىم، ئەمدى سىلەرگە نېمە كېرەك؟

ئامىنە: كەلمىسىلە بوپتىكەن، ئۈچ يىلدىن بېرى بالىلا-رنى سېغىندۇرۇپ!

توختەمكا: يالغۇز بالىلارلا سېغىنىپ قالمىغاندۇ؟

ئامىنە: (يۈزىنى تۈتۈپ ئىزا تارتىدۇ) تولا سۆزلە-مىسىلە...

باتۇر: (كىرىدۇ) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دادا، خوش كەپ-لا؟

توختەمكا: ۋائەلەيكۇم ئەسسالام (قۇچاقلىشىدۇ).

باتۇر: سالامەت كەللىمۇ؟ خەۋپ-خەتەردىن ساقلانغانلا؟

توختەمكا: ئەلھەمدۇلىللا، ساق سالامەت كەلدىم، بالام.

باتۇر: ئارانلا ئىككى پارچە خەتلىرى كېلىپ تەگدى.

توختەمكا: مەن كەتكەندىن بۇيان قانداق تۇردۇڭلار؟

باتۇر: دۇئالىرىنىڭ بەرىكاتىدىن ياخشى تۇردۇق، دادا. بازار قانداقراق؟

توختەمكا: قەدىر ئەھۋال بالام، ئېلىپ كەلگەنماللاردىن پايدا چىقمايدىغان ئوخشايدۇ.

باتۇر: غۇلجىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

بوستان: داستىخان راسلاپ چىقاي (چىقىپ كېتىدۇ).

توختەمكا: غۇلجىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ئوبدان، ھاۋا ئو-چۇق، كۆن يورۇق، ئەركىنلىك، بىرقانچە قې-

بوستان: دادا، يەنە بىر خاپىلىقتا ئۇچراپ قاللىمۇ؟

توختەمكا: بالام، مەسچىتتىن قايتىپ كىرىۋاتسام قۇتبىدىن بەگ، توختى مىرابلار ئالدىمنى توراپ: ”سەن ئۆز ئۆستۈڭگە يۈكلەنگەن بىر كىشىلىك ئالۋاڭنى تۆلەشكە قورسىقىڭ ئاغرىپ تەتۈر تەشۋىق قىلىپ يۈرۈپسەن! ساڭا يەنە بىر ئات كەلدى“ دەپ، كۆپ ھاقارەتلەپ ئازار بەردى. ئىلاجىم يوق ھېلىقى ئون ئالاي دېگەن پۇلنى بېرىپ قايتىپ كەلدىم.

بوستان: ھە؟ نېمە دېدىڭ، دادا؟!

توختەمكا: سوغۇق چاي بولسا بەرگىن، بالام (بوستان ئىچكىرى ئۆيدىن بىر تاۋاق سۇ ئېلىپ چىقىپ بېرىدۇ. توختەمكا ئىچىدۇ). بالام، مەن ئاكىلىرىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋال سوراپ كېلەي (چىقىپ كېتىدۇ).

ئامىنە ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ كىچىك قىزىنىڭ كۆڭلىكىنى ياماشقا باشلايدۇ.

بوستان: ئاپا، مەن خەيرىنساخان ئاچامنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېرەي (چىقىپ كېتىدۇ).

(مۇڭلۇق ساز چېلىنىدۇ)

پاتەم: (ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ) ئاپا، نان بېرىڭ، قورسىقىم يامان ئېچىپ كەتتى.

ئامىنە: جېنىم بالام، ئۆيدە يېگىلى ھېچ نەرسە قالمىدى، بىردەم چىداپ تۇرۇڭ، دادىڭىز تاشقىرىدىن بىر

ناخشا:

دەرد كەلدى بىزنىڭ باشقا،
يىغلاپ كۆزۈم تولدى ياشقا.
تەشنا بولدۇم-تەشنا بولدۇم،
تاڭ ۋەسلىگە، نۇر-قۇياشقا.

دادام كەلگەنىنىڭ بۇ ياقىدا،
ئازاب-كۇلپەتنىڭ تاغىدا.
خۇشال كۇن بولمىدى بىزگە،
مۇستەبىتتىن دىل داغدا.

ئۇيالماستىن قىلىپ تۆھمەت،
ئاكامغا بىر چايان-زالىم؛
زىندانغا سولاپ قويدى،
يىغلايمەن شۇڭا دائىم.

ئاھ خۇدايىم. . . ئەجەبمۇ ئېغىر كۇنلەرگە قالدۇق. بىر كۇنى ئۆزۈڭ يورۇقچىلىققا چىقىرارسەن (ئىشىك قېقىلىدۇ، بوستان چىقىپ ئاچىدۇ، توختەمكا مەيۇسلەنگەن هالدا ئۆيگە كىرىدۇ).

توختەمكا: ئاھ! . . . (ئولتۇرىدۇ).

كىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ).

بوستان: دادامنىڭ ئۆلجىغا بېرىپ كېلىشى بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر بىر ئىش بولدى. ئايرىم مۇناپىق- لار بىزنى مۇشۇ ئېغىر كۈندە قويۇشقا سەۋەبچى بولدى (غەمكىن ھالدا بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرى- دۇ، توختەمكاغېرىبانەھالدا كىرىپكېلىدۇ.)

توختەمكا: ئاھ... خۇدا... بىزدەك مۆمىن بەندەڭنى ئە- جەب كۈنگە قويدۇڭ. بىچارە بالام، قاراڭغۇ زىن- داندا يېتىپ تويدۇڭ. مېنىڭ ئۆلجىدا ئۈچ يىل تۇرۇپ كەلگىنىم، ھەقىقىي خەلقچىللىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلگىنىم گۇناھ بولدىمۇ؟ جىنايەت بولدىمۇ؟

بوسۇغامدىن نېرى كەتمەس پايلاقچىلار،
پوچەك پۇلغا ئىمان ساتقان يالاقچىلار.
قەست قىلماقتا ھۆرلۈك سۆيەر ئوغلانلارغا،
ئەرك ئىزلىگەن بەند قىلىندى زىندانلارغا.
ئۇيالماستىن ماللىرىمنى بۇلاپ كەتتى،
قانداق قىلاي ماڭا ئەجەب ئەلەم يەتتى.
مېنىڭ ئەمەس كۆپچىلىكنىڭ كۆزى ياشتا،
زالىملارنىڭ تۇمشۇقلىرى بىزنىڭ ئاشتا.
ئۇرۇپ-سوقۇپ ھېچ نەرسەمنى قويماي ئالدى،
بۇ خارابە بىلەن بىرلا جېنىم قالدى.

نەرسە تاپالىسا ئېلىپ كىرەر (پاتەمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ).

جان بالام، قانداق قىلاي،
كەلدى بېشىمغا دەرد-ئەلەم.
قان ئىچەر زالىم بېگىملەر،
سالدى كۆپ ئالۋان-تۆلەم.

بالىلىرىم قالدى يالاڭغاچ،
يېگىلى يوق پارچە نان.
كېچە-كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ،
قىينىلىپ كەتتى بۇ جان.

(تاشقىرىدىن بوستان كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار يىغلاشقا باشلايدۇ).

بوستان: ئانا، يىغلىمىسىلا، خۇدايىم بىزگىمۇ بېرەر.

ئامىنە: ئۇكىلىرىڭ نان دەپ يىغلاۋاتسا، قانداق قىلىمىز، بالام؟

بوستان: دادام بىر نەرسە ئېلىپ كېلەر، شۇنى يەيمىز.

ئامىنە: ۋاي. . . خۇدايىم، ئۆيدە بار-يوق نەرسىمىز تو-گەپ بولدى. قوتىبدىن بەگنىڭ سارىيىدىن داداڭ تېپىپ كەلگەن ئۆزىمىزنىڭ ماللىرىغا ئۆزىمىز ئىگە بولالماي ئەجەب كىشىلەرگە تەلمۈرۈپ قال-دۇققۇ (بىر ئۇھ تارتىپ پاتەمنى يىتىلەپ، ئىچ-

مان ئەمەسمۇ، سىلىگە بەك ئىچىمىز ئاغرىپ خىجىل بولۇپ كەلدۇق.

توختەمكا: خىجىل بولماڭلار، قانداق قىلىمىز، پەلەك بۇز-داقمۇ بولىۋەرمەس.

2-دوغا: ئاكوجاڭ، چۇدۇيجاڭ قۇتبىدىن بەگ، توختى مىراب بىزنى مەجبۇرلاپ قاشلىرىغا ئەۋەتتى. توختەمكادا بەش يۈزمىڭ دوللار پۇل بار. ئۇيدە نىمە بولسا تارتىپ كەل، بولمىسا ئۇزىنى باغلاپ ئۇرۇپ ھەيدەپ كەل! ئەگەر پۇتتۇرۇپ كېلە-شەلمەيدىكەنسەن، ئۇزۇڭلارنى سولايمەن، دې-گەنتى. (ئامىنە پاتەمنى يىتىلەپ ئىچكىرى ئۇي-دىن چىقىدۇ).

توختەمكا: ئىككى ئاينىڭ بۇ ياقىدا ھەر كۈنى ئالۋاڭ كەلدى دەپ مەن بىچارىنى بوزەك تېپىپ نۇرغۇن نەرسى-لەرنى ئېلىپ كەتتى. ئۇزۇمنىڭ مېلىغا ئۇزۇمـ-نى ئىگە قىلدۇرماي قىمار ئويناپ بىزگە ئۇتتۇر-دۇڭ دەپ تارتىۋالدى، ئەمدى مۇشۇ ئۇي بىلەن بىر جىنىم قالدى، شۇنى ئېلىڭلار، ئاندىن تو-گىشىمىز. مېنىڭدەك بىرقانچە خەلقنىڭ قەلەن-دەر بولۇپ كەتكىنىگە ھېچ نەرسە بولمايدۇ. با-لامغا ئوخشاش بىرقانچە ياشنىڭ قامالغىنىغا خەلق تۇگەپ قالمايدۇ. مۇستەبىتلەر خەلقىمىزنى ئەزسۇن يەنە ئەزسۇن، قامىسۇن، ئاخىر بىر كۈنى خەلقىمىز خۇشال-خۇرام بەختلىك كۈنلەر-

**بوستان:** دادا، ئاكامنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇر؟

**توختەمكا:** قىزىم، ئاكاڭنى كۆرۈپ كېلەي دەپ بارسام كىرگۈزمىدى، شۇ خاپىلىق بىلەن قايتىپ كې- لىۋاتسام، بەگ، مىراب، ئاكوجاڭ، چۇدۇيجاڭ دېگەنلەر ماڭا گەپ بار دەپ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ قىمار ئويناپسەن، دەيدۇ. مەن چوڭ بولغىنىمنىڭ بۇياقىدا قىمار ئويناپ باقمىغان دې- سەم، ھەي ئوغرىلارنىڭ قۇيرۇقى، بالاڭنى سو- لىغاندەك سېنىمۇ قامايمىز. ۋاقتىڭ ئاز قالدى، دەپ پوپوزا قىلدى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئىك- كى مىليون دوللار تۆلەيسەن دەپ قولۇمنى قوي- دۇرۇپ، سېنىڭ سارايدىكى ماللىرىڭنى بىر يې- رىم مىليونغا ھېسابلايمىز، قالغان يېرىم مىل- يوننى بۇگۈندىن قالدۇرماي بېرىسەن دەپ ئۆي- دىن چىقىرىۋەتتى. كاتتىلارغا ئەرز يازمىسام بولمىدى.

**بوستان:** (يىغلامسىراپ) ئاھ خۇدايىم، بىزنى قاقشاتقان- لارنىڭ جاجىسىنى ئۆزۈڭ بېرەرسەن!...

(تاشقىرىدىن ۋاي توختەمكا دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنى- دۇ).

**توختەمكا:** (ئىشكنى ئېچىپ ئىككى دوغىنى ئۆيگە باشلاي- دۇ. بىر دوغىنىڭ قولىدا يوغان تاياق، تەرىنى تۇرگەن ھالدا سۆز باشلايدۇ).

**1-دوغا:** مۇللاكا، سىلە بىلەن بىز ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇل-

زىمىستان تۈگەپ باھار كېلىدۇ،
قارا تۈن تۈگەپ ناھار كېلىدۇ.

(ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ، يىتىپ قالىدۇ).

گۈندىپاي: (كىرىپ باتۇرغا ئىچىنى ئاغرىتىپ ئاھ تارتىپ قېشىغا كېلىدۇ، بېشىنى يۆلەپ) بىچارە بالا، ناھەق سولىنىپ، دوزاخ ئازابىنى تارتتى. قو-لۇمدىن كەلسە، ھازىرلا چىقىرىۋەتسەم بۇ قارا زىنداندىن! خەير... خەير...
(چىقىپ كېتىدۇ، مۇڭلۇق ساز چېلىنىدۇ، با-تۇر تولغىنىپ قىيىن مۇشەققەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ).

باتۇر: زىنداندا ياتتىم رىيازەت چېكىپ،
يىراق مەنزىلگە كۆزۈمنى تىكىپ.
نى-نى يىگىتلەر جەڭگاھقا كىردى،
ۋەتەن-ئەل ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ.

قايتماس يولىدىن ئەرك ئوغلانلىرى،
گۈم بولۇر مۇدھىش زىندان تاملىرى،
بەخت تېڭىدا ۋەتەن بېغىدا،
يارايدۇ ئەلنىڭ خۇش مۇقاملىرى.

گە يېتىشەر! سولاقتىن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ نە-
گە بارارمەن؟ خەير، بالام.

**دوغىلار:** يۈرۈك! (توختەتەمكانى ھەيدەپ تاشقىرىغا ما-
ڭىدۇ).

**بوستان، پاتەم:** دادا! (يىغا)

**ئامىنە:** دادىسى! (... يىغا)

يىغا-زارە ئىچىدە پەردە يېپىلىدۇ.

## تۆتىنچى كۆرۈنۈش

**سەھنە:** زىندان، ئارقا تامدا كىچىك روجەك.
باتۇرنىڭ پۇتىدا كىشەن، كىيىمى يىرتىلغان ھالدا
ياتىدۇ.

**باتۇر:** (ناخشا)

ئەجەب خار بولدۇڭ ھۆرمىتىم-ۋەتەن،
غۇرۇر-ئىپتىخارىم، شۆھرىتىم ۋەتەن.
مەرد ئوغلانلىرىڭ زىندانلار ئارا،
يۈرەك قەلبىدە جاراھەت-يارا.
ئەرك، ھەققانىيەت سۆيگۈنىمىزدۇر،
زەپەر بايرىقى كۆيگىنىمىزدۇر.

دۇ، ئەركىن ھاياتىنىڭ كەڭ يوللىرى تۈزىلىدۇ، ئادالەتنىڭ ئالتۇن نۇرى ئۈستىمىزگە چېچىلىدۇ، خەلقىمىزگە ھۆرلۈك، ئازادلىق بېغىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ.

1-مەھبۇس: دېگىنىڭدەك بولار، بۇ كۈنلەردىنمۇ قۇتۇلارمىز. (مۇڭلۇق ساز. مەھبۇسلار كۆڭلەك ياماش، تاماكا چېكىش ۋە باشقا تۈرلۈك-تۈرلۈك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.)

5-مەھبۇس: توختەمكا، ئۆزلىرى نېمە بولۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قالغان؟

توختەمكا: ۋاي ئۇكا، نېمە بولۇپ كېرىپ قالاي؟ غۇلجىغا بېرىپ كەلسەم، گېزىت-كىتاب ئېلىپ كەلدىڭ دەپ كۆپ ئازابلارنى سالدى. مال-مۈلۈكلىرىمنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، ھېچ نەرسەمنى قويمىدى. مۇشۇ بىچارە بالامنى نەشە چەكتىڭ دەپ تۆھمەت قىلىپ قاماپ قويدى. ئاخىر ئۆزۈمنىمۇ ئەكىرىپ قامىدى، مۇتتەھەملەرنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى كېچە-كۈندۈز سۆزلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ. خەير، بىر كۈنى يورۇقچىلىقىمۇ چىقارمىز.

1-مەھبۇس: (2-مەھبۇسقا قاراپ) ئۇكام، سىز قانداق بولۇپ كىرىپ قالدىڭىز؟

2-مەھبۇس: بىر كۈنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن قايتىپ مەسچىت ئالدىدا بىرقانچە كىشىگە گېزىت ئوقۇپ بېرىۋاتسام، بىرقانچە ئىت كېلىپ ئۇرغانچە سۆرۈپ

(پەردە چۈشىدۇ).

## بەشىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: تۇرمە ھويلىسى، گۇندىپاي تاشقىرىدىن كىرىپ كېلىدۇ.

گۇندىپاي: (تۇرمىلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، يەتتە نەپەر مەھبۇسنى تاشقىرىغا چىقىرىدۇ.)

توختەمكا: ئاھ، بالام باتۇر!

باتۇر: دادا! (مەھكەم قۇچاقلىشىدۇ).

باشقىلار: (ئۆز ئارا) ئۆلمىسەك كۆرۈشىدىكەنمىز، قېرىنداشلار!

گۇندىپاي: بىردەم ئاپتاپقا قاقلىنىۋېلىڭلار! (چىقىپ كېتىدۇ).

توختەمكا: جىنىم بالام، ئەجەب كۆنگە قالدۇق، ئۇكىلىرىڭ نېمە كۈنلەرنى تارتىۋاتىدىغاندۇ؟

باتۇر: ئاتا، ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا مۇشەققەت كۈنلەر كەلسە راھەتنىڭ قەدرىنى بىلىدىكەن. بىزنىڭ بۇ زىنداندا يېتىشىمىز خەلقىمىزنىڭ ھەققىي ھۆرلۈكى ئۈچۈن. ئىشەنگىن ئاتا، جۇت تۇمانلار تارقايدۇ، قارا بورانلار توختايدۇ، كۈن چىقىدۇ، يەر-جاھان ئىسسىيدۇ، كەڭ يايلاقلار چىمەنزارلىققا ئايلىنىدۇ، تۇرمىلەرنىڭ تاملىرى چېقىلىدۇ، پۇت-قوللاردىكى كىشەنلەر ئۈزۈلى-

شىكىنى ئېچىپ توختەمكامنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ) بالىلىرىڭىز تاماق ئېلىپ كەپتىكەن، ناھايىتى تەسلىكتە كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىدى، كۆرۈشۈۋېلىڭ. (ئامىنە، بوستان، پاتەمنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ئاپقۇردا ئاش كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كېلىدۇ).

**توختەمكا:** ئاھ. . . بالىلىرىم! (ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۇلار يىغلىشىدۇ.) بالىلىرىم، يىغلىماڭلار، تارتقان ئاھلىرىمىز، ئاققان ياشلىرىمىز زايا كەتمەس.

**بوستان:** دادا، ئاشنى ئىچىۋالسىلا، (توختەمكا قول ئۇزىتىپ تۇرۇپ) جېنىم بالام، خۇدا بۇيرۇسا، پات-يېقىندا چىقىپ سىلەرنى ئوبدان باقىمەن.

**گوندىپاي:** بولدى، قايتىڭلار!

**ئامىنە:** (يىغلاپ تۇرۇپ گوندىپايغا قاراپ) خۇدايىمۇ خۇش بولار! بالامنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋالاي.

**توختەمكا:** ئۇكام، سېنىڭ ياخشىلىقىڭ يەردە قالماس. شۇ بالامنى ئانىسى ھەم ئۇكىلىرى بىلەن بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويساڭ.

**گوندىپاي:** بىرى كۆرۈپ قالسا، ماڭا بىر ئىش يېتىپ قالارمىكىن.

**ئامىنە:** خۇدايىم ساقلار. بىرلا كۆرۈۋالسام بولىدۇ.

**گوندىپاي:** كۆرۈشۈپلا تېز قايتىڭلار! (بىرىنچى تۈرمىنى ئاچىدۇ، باتۇرنىڭ پۇتىدا ئىشكەل-تاقاق، قولىدا كويزا، تاشقىرىغا چىقىدۇ).

ئەكىلىپ قاماپ قويدى.

1-مەھبۇس: (5-مەھبۇسقا قاراپ) سىز قانداق بولۇپ كىرىپ قالغان؟

5-مەھبۇس: قىمار ئوينىدىڭ دەپ تۆھمەت قىلىپ قامىدى. (4-مەھبۇسقا قاراپ) سىزچۇ، ئۇكام؟

4-مەھبۇس: ۋاي ئاكا، ھەممىمىزنى سولاشتىكى مەقسىتى بىر. بىر كۈنى دۇكاندا ئولتۇرۇپ ئۇستىمىزدى- كى ئېغىرچىلىق كۈنلەر قاچان تۈگەر، "11 بېتىم" تولۇق ئىجرا بولۇپ، ئەركىنلىك، خا- تىرجەم كۈنلەرگە قاچان يېتىشەرمىز دېگەن ئى- دىم. ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئەكىلىپ قاماپ قوي- دى. خەير، بۇ كۈنلەرمۇ تۈگەر.

گۈندىپاي: (تاشقىرىدىن كىرىپ) بولدى، كىرىڭلار! باش- قىلار كۆرۈپ قالسا ماڭا گۇناھ يېتىپ قالمى- سۇن! (مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى قاماپ قو- يۇپ چىقىپ كېتىدۇ. سولاقخانا ئىچىدىن مۇڭ- لۇق ئاھاڭ بىلەن ناخشا ئېيتىلىدۇ).

چەۋرىلەر، ئاھ، چەۋرىلەر،
پۈتتى چىدامۇ سەۋرىلەر.
مۇستەبىتلەر دەردىدە،
يوللاردا قالدى قەبرىلەر.

گۈندىپاي: (تاشقىرىدىن كىرىپ ئىككىنچى تۈرمىنىڭ ئى-

بىرقانچە قېتىم قويغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى، جامائەت ئەربابى ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن ”گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جايلاردىكى ئېزىلىۋاتقان خەلقنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ“ دېگەن.



**ئامىنە:** ئاھ. . . جان بالام! (باتۇر تەرەپكە ئۈمتۈلىدۇ. بوستان، پاتەم، راخمانلار زار-زار يىغلىشىدۇ، گۇندىپاي بۇلارنى ھەيدەپ تاشقىرىغا چىقىرىۋېتىدۇ. باتۇر بىلەن توختەمكا سەھنىدە يالغۇز قالىدۇ).

**باتۇر:** دادا، قانداق قىلىمىز؟

**توختەمكا:** جان بالام، ساڭا مەن ئىلىدىن «كۈرەش» دېگەن ژۇرنالنى، «ئويغان»، «ئالغا» دېگەن گېزىتلەرنى ئەكىلىپ بەرگەن. سەن ئۇلارنى تەشۋىق قىلغان. يەنە شۇنداق قىلىمىز. بىزنى ئازادلىق ئارمىيە قۇتقۇزىدۇ. بىزنى قېرىنداشلار قۇتقۇزىدۇ.

**توختەمكا، باتۇر:** قەيەردىسەن ئازادلىق ئارمىيە!؟

(تەلمۈرگەن ھالدا ئالغا ئىنتىلىدۇ)

پەردە چۈشىدۇ.

1946-يىلى 12-ئاي.

**ئىزاھات:**

بۇ دراممانى ئىلى بىلىم يۇرتى، ئىلى تىياتىرىنىڭ ئاتاقلىق ئارتىستلىرىدىن سىراجىدىن زەپەر، ئابدۇگول، ئابدۇكېرىم رازىيوف، ئابدوقادىر رازى، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تەييارلاپ، 1947-يىل ۋە 1948-يىللىرى

جاي جىق، ئەمما ئۆزىمىز ياتىدىغان يەر ناھايىتى زىخ. بىز ئون بالا، بۇ ئون بالىنىڭ ئىچىدە ئارانلا بىر ئىشتان، قايسىمىز بالدۇر قوپساق كىيىپ قاچىمىز، باشقىلار قاراپ ياتىمىز. بىر كۈنى مۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن: قاپقارا سەت بىر دۆ ئۆيۈمنى ئوراپ ئېلىۋاتقۇدەك، ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقۇدەك. ئاھ! دەپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، چوڭ ئاكام بىر كالتەكنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ، ئىككى ئاكامنى كەينىگە سېلىۋاپتۇ. بىر چاغدا يۈگۈرۈپ بېرىپ دۆنى ئۇردى. زەئىپلەشكەن تور ئۈزۈلدى، خارابلاشقان ئۆيلىرى بۇزۇلدى. ئاھ، مەن بىراۋنىڭ قولىدا ئىشلەپ ئۇنىڭ قولى، قولاقنىڭ تۈۋى، بىر پارچە ناننىڭ تولى بولۇپ يۈرمەن. بىزنىڭ خوجايىن كېچە-كۈندۈز ماڭا ئازار بېرىپ كۆزۈمدىن ياش قۇرۇتمايدۇ. بۇ بىزنىڭ خوجايىننىڭ ئاتا-ئانىسى جىنىمدىكىن، ھېيلىگەرلىك قىلىپ مېنى تولا-تولا ئالدايدۇ.

ناخشا:

ئاغزىدا ھى-ھى قىلادۇر،
ئىچىدە ئوغا،
تاغدىن ئېغىر ئازاب-كۈلپەت،
ئەيلىدى سوۋغا.

# قاياغدى قانداق؟

(كومېدىيە)

سەھنىدە بىر ئۆستەل، ئۆستەل ئۈستىدە سائەت. قاياغدى تاشقىرىدىن كىرگەن ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ.

**قاياغدى:** بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىز دۇنيادا ناھايىتى كاتتا ئۆتكەن، بايلىقتا تاغدەك، راھەتتە باغدەك، بىلىم-مەرىپەت، مېھىر-شەپقەتتە ياغدەك، چېلىشتا ئارسلاندەك، يۇرت سورىغان، شەھەر سورىغان، تۆتىنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ يېرى، ياۋلاردىن نېرى، گۈللەپ تۇرغان چامدىغانسېرى. بالىلىرى ئۈچۈن ئۆي قىلغان، راھەت بىلەن توي قىلغان، يايلاقلاردا قوي قىلغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار يامبۇدا ئىشىك تاقىغان ئىكەن. بىزنىڭچۇ؟ خەجلەي دېسەك، بىر داچىنىمىز يوق. ئىت قاۋسا ئۇرغۇدەك تايىقىمىزمۇ يوق. بىزگە ئاتىمىزدىن قالغان

قاپلاپ) كىم؟ زادى كىم؟!

سادىق: ئۆيدە كىم بار؟

قاياغدى: ھېچكىم يوق.

سادىق: سەنچۇ؟

قاياغدى: مەن... يوق... (ئالما يىغىشقا باشلايدۇ).

(تاشقىرىدىن سادىق ئاخۇن كىرىپ كېلىدۇ).

سادىق: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم (قاياغدى قېشىغا كېلىدۇ، قاياغدى ئاغزىغا لىق ئالما قاپلىغان، ئىككى قولىدا ئالما، سادىق ئاخۇن قايسى تەرەپكە ئۆتسە، شۇ تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ ئالمىنى يەپ بولۇپ، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەپ كۆرۈشىدۇ).

قاياغدى: سالامەت كەللىمۇ؟ تەنلىرى ساق تۇردىمۇ؟ ئالتۇن بويلىرى، كۈمۈش قوۋۇرغىلىرى، مىجەزلىرى ئوبدانمۇ؟

سادىق: ئۆي-ۋاقلار، بالا-چاقىلار، قازان-قومۇچلار تىنچلىقمۇ؟ ئۆزۈڭمۇ سالامەت تۇردۇڭمۇ؟

قاياغدى: مانا مۇشۇنداق يوقتىن ياخشىراق.

سادىق: سەن خىزمەت ئاخۇننىڭ نېمىسى؟

قاياغدى: مەن ھېچنېمىسى ئەمەس، قىرىق يىل قازاندا قاينىتىسىمۇ قېنىم قوشۇلمايدۇ، مېنى قۇل قىلىپ سېتىپ ئالدىم دەمدىكىن، كېچە-كۈندۈز دەشنام بىلەن ئازار بېرىدۇ، ھېچ ئەھۋالىمنى قويمىدى.

سادىق: بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىسەن؟

قاياغدى: ئىشنىڭ تولىلىقىدىن باش كۆتۈرەلمەيمەن، ئەتى-

خىزمەت: (سىرتتىن سادا) قاياغدى!

قاياغدى: يەنە كەلدى بۇ رودىپاي! قاچان قۇتۇلارمەن؟ كىرىپ تۇرىدۇ، ئازار بېرىدۇ، ياكى ئىشقا بۇي- رۇيدۇ. مېنى ئۇرسا، ئازار بەرسە مەيلى، لې- كىن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش مەن ئۇچۇن ئۆلۈم. ئۇنىڭدىن كۆرە بىر چارە قىلىپ ئاغرىۋالاي.

خىزمەت: (تاشقىرىدىن غەزەپلەنگەن هالدا كىرىپ) هەي قاياغدى، شۇك ئولتۇرماي، نېمە ئۇچۇن ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈيسەن؟

قاياغدى: ۋايجان، ۋايەي، ۋاي قورسقىم! . . .

خىزمەت: هەي هايۋان، سەن مېنىڭ قاتتىق سۆزۈمنى، تايىقىمنى يامان كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چىداپ تۇر- ماستىن ئاغرىۋالدىڭمۇ؟

قاياغدى: (بىر ئاھ تارتىپ) سەن ئۆزۈڭ ۋەهشىي هايۋان- غا ئوخشاش تۇرۇپ مېنى هايۋان دەمسەن؟ خەير، بوپتۇ. سېنىڭدىن قۇتۇلۇپ ۋاي قاياغدى ئاخون بولۇپ يۈرۈيدىغان ۋاقتىمۇ كېلەر (جو- زىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ ئىككى قوللاپ ئالما يې- يىشكە باشلايدۇ).

(تاشقىرىدىن قاياغدى ئاخون دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ).

قاياغدى: (جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئالمىنى ئاغزىغا لىق

قاياغدى: تاياق ئەمەس، ئا.
سادىق: مۆشۈنداق ئىلمەككە ئوخشاش يېزىلسا ئا دەپ ئوقۇلىدۇ.
قاياغدى: ھە، بىلدىم، بىلدىم، ئىلمەك ئەمەس، ئا.
سادىق: (ت ھەرپىنى يېزىپ كېلىپ) بۇنى بىلەمسەن؟
قاياغدى: بىلىمەن.
سادىق: نېمە بۇ؟
قاياغدى: ھازىر تىلىمنىڭ ئۇچىدا بارتى، بەكار ھېلى ئوقۇۋېتىمەن.
سادىق: مانا بۇ ئۆزى تە.
قاياغدى: (پېشانىسىنى ئېتىپ) مانا بۇ ئۆزى تە.
سادىق: ھەي، بۇنىڭ ئۆزى «تەر» ئەمەس «ت» ھەرپى مۆشۈنداق يېزىلىدۇ.
قاياغدى: ھە. . .ت، ت (تىرىش)
سادىق: ئا بىلەن ت نى قوشۇپ ئوقۇيالامسەن؟
قاياغدى: قوشىمەن (قەغەزنى ئېلىپ قاتلاپ) مانا قوشتۇم.
سادىق: ھەي ئەخمەق، بۇنداق ئەمەس. ئا ھەرپىگە ت ھەرپىنى قوشۇپ ئوقۇسا ئات بولىدۇ.
قاياغدى: نېمە-نېمە؟ بۇ ئات بولسا پۇتى قېنى، قۇلىقى قېنى، بېشى قېنى، ئېگىرى قېنى، قۇيرۇقى قېنى، يۇگىنى قېنى، نوختىسى قېنى؟
سادىق: ھەي، مىنىدىغان ئات ئەمەس، ئات دېگەن خەت مۆشۈنداق يېزىلىدۇ.
قاياغدى: ھە راست، توغرا.

گەندىن كەچكىچە قىلىدىغان ئىش ئازابلىنىش، خارلىنىش، زارلىنىش، قۇل كەبى زۇلۇم-زۇلمەتتە ئىشلەش.

**سادىق:** خىزمەت ئاخۇن ماڭا مۇشۇ خەتنىكى نەرسىنى بەرمەكچى ئىدى. مەن بۇ خەتنىڭ ئاغزىنى ئاچمىدىم، خەت ئوقۇيالامسەن؟ (خەتنى بېرىدۇ).

**قاياغدى:** ئوقۇيمەن، بىلىمەن (خەتنى ئېلىپ ئۇيانغا-بۇيانغا چۆرگىلىتىپ يۇرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ بىر نوختا بىلەن چىلىمنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ).

**سادىق:** مۇنداق ئەمەستۇر (خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ) خەتنى ياخشى ئوقۇيالمايدىكەنسەنغۇ؟ بۇ خەتتە بىر دانە دەپتەر دەپتۇ.

**قاياغدى:** هە. . . بىزنىڭ خوجايىن چىلىم چېكىپ كىشلەرگە نوختا سىلىپ يۈرەتتى، شۇمىكىن دەپتىمەن. شۇنى ئېلىپ چىقاي دېۋېدىم، ئۆيگە كىرىۋېتىپ ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. (ئۆيدىن چاپىنىنى، دەپتەرنى ئېلىپ چىقىدۇ).

**سادىق:** مەن ساڭا بىر خەت تونۇتۇپ باقاي (بىر پارچە ئاق قەغەزگە «1» هەرپىنى يوغان يېزىپ كېلىپ)، مانى تونۇمسەن؟

**قاياغدى:** تونۇيمەن.

**سادىق:** نېمە مۇشۇ؟

**قاياغدى:** تاياق.

**سادىق:** تاياق ئەمەس، ئا.

سەن. ئوقۇسالڭ بىلىسەن، ياخشى، ئوبدان، مە-
دەنىي، روھلۇق، كۈچلۈك، ھوشيار ئادەم بولى-
سەن. قارا! . . . ئاسمانلاردا ئۇچۇۋاتىدۇ، سۇلار-
دا ئۈزۈۋاتىدۇ. ئات-كالا قوشماي غارقىراپ يەر
ئۈستىدە مېڭىۋاتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئو-
قۇش-بىلىش، مائارىپنىڭ نەتىجىسى. خۇسۇ-
سەن، ھازىر بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىزنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشقا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەر-
كىن، كەڭ يول ئاچتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇ،
ئوقۇ، بىل.

**سادىق:** ناخشا

ئىنسان قىلغاننى قىلالمايمىزمۇ،
بۇ قانداق كۈنلەر بىلەلمەيمىزمۇ.

**قاياغدى:** ئۇخلاپ يېتىپ مەن ھەسرەت تاغىدا،
كۆزنى ئاچالماي دەشنام داغىدا.

**سادىق:** ئەمدى ئېچىلدى ئەركىن يولىمىز،
مىللىي مائارىپ بىزنىڭ ئۇلىمىز.

**قاياغدى:** ھارماي-تالماستىن تىرىشىپ ئەمدى،
ئوقۇش ئۈچۈن مەن بەلنى باغلىدىم.

**سادىق:** بىزنىڭ ئاساسىمىز مىللىي مائارىپ، يولىمىز
مائارىپ، مەقسەتكە، تىلەككە يەتكۈزىدىغان مائا-
رىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش كېرەك، بىلىش

سادىق: ھېساب بىلەمسەن؟

قاياغدى: بىلىمەن، چوڭ يەردىن بىلىمەن.

سادىق: (4نى يېزىپ كېلىپ) بۇ نېمە؟

قاياغدى: بۇ. . . بۇ. . . شۇنداق نېمە؟

سادىق: 4، قاياغدى، بۇنىڭ ئۆزى تۆت.

قاياغدى: ئۆزۈڭ دۆت!

سادىق: 1، 2، 3، 4 دېگەن مۇشۇنداق يېزىلىدۇ.

قاياغدى: ھە. . . . .

سادىق: (ه نى يېزىپ) بۇ نېمە؟

قاياغدى: بۇ. . . بۇ. . . ھالقا.

سادىق: ساڭا مېنىڭ بىر ئاز سۆزۈم، دىققەت بىلەن ئاڭلامسەن؟

قاياغدى: ئاڭلايمەن.

سادىق: ئەگەر سەن ئوقۇماي يۈرسەڭ خۇشاللىق، راھەت دېگەن نەرسىنى تاپالمايسەن، دۇنيانىڭ لەززىتىنى كۆرەلمەي خار-زار بولۇپ، دەشتى باياۋاندا يۈرگەندەك ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزىسەن. خۇددى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ دۇنيا مۇشۇ دەپ يۈرگەنگە ئوخشاش. كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، قۇلىقى ساق گاس، تىلى بار گاچا بولۇپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەس، بىلەلمەس، سېزەلمەس بولۇپ ئۇخلاپ يۈرگەندەك تۇرمۇش كەچۈرىسەن. ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىڭنى، قەيەردە يۈرۈپ، قانداق كۈندە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمەي قالىـ

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئىمىن

مەسئۇل كوررېكتورى: خۇدابەردى خېلىل

كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: ياسىن مۇھەممەت

مەتتىمىن يۈسۈپ

# قەشقەر ساگا

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ۋە تارقاتقۇچى
(بېيجىڭ شەھرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى

باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

2000-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

2000-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 12.00 يۈەن سانى: 2000—0001

كېرەك.

**قاياغدى:** بولىدۇ، ئوقۇي-ئوقۇي، بىلەي-بىلەي.

1947-يىل دېكابىر، غۇلجا.

**ئىزاھات:**

بۇ مەھنە ئەسەرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى «ئويغان»، «كۈرەش» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.



图书在版编目(CIP)数据

致喀什噶尔:维吾尔文/买买提明·玉素甫著. -北京:民族出版社,2000.2
ISBN 7-105-03812-8

Ⅰ.致… Ⅱ.买… Ⅲ.诗歌-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据(2000)第14474号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013)
民族出版社微机照排 迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
2000年3月第1版 2000年3月北京第1次印刷
开本:850×1168毫米 1/32 印张:4.875
印数:0001—2000册 定价:12.00元

责任编辑：伊明　　　封面设计：刘家峰

ISBN 7-105-03812-8

9 787105 038121 >

ISBN 7-105-03812-8/I·912

民文〔维 169〕定价：12.00 元